# پەزىلەتلىك ئەمەللەر

﴿شۈبھىسىزكى ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ﴾
سۈرە ھۇد **114** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى

تەييارلىغۇچى: پىغانىي

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز.................................................. 3
ئاللاھنى ياد ئېتىش (زىكىر قىلىش) نىڭ پەزىلىتى.................... 7
تارازا ـ مىزاندا ئەجرىلىرى كۆپەيتىلىدىغان ئەمەللەر.................... 8
گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش.................................................. 41
ئەدەب ئەخلاقنىڭ ساۋابى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا............. 61
بەش ۋاقىت نامازنى مۇھاپىزەت قىلىش، ۋە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا................................. 74
نامازغا ھۆرۈنلۈق قىلىش مۇناپىقلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.................... 75
ئەسىر نامىزىنى قازا قىلىشنىڭ يامانلىقى توغرىسىدا................ 76
جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا.............. 78
تاھارەت ۋە نامازنىڭ ساۋابلىرى............................................ 79
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا........................................................... 86
ئالىم ۋە ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا.............. 89
قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى مۇھاپىزەت قىلىش........................ 93
دۇئا ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا................................. 102
دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار................................... 107


www.munber.org

## كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالاغا خاستۇر، الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى ئىنسانىيەتنىڭ توغرا يول تېپىشى ئۈچۈن بارلىقنى بېغىشلىغان الله نىڭ بەندىسى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى، بىزلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن!

الله تائالا بىزلەرنىڭ ئىككىلى دۇنيادا بەختلىك بولۇشىمىز ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنىگىچە ھۆكمى مەڭگۈ قالىدىغان ئۆزىنىڭ بۈيۈك سۆزى قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىپ ئۇ كىتابنى ئىسلامىيەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئاساسى مەنبەسى قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى 23 يىل جەرياندا ئىسلام دىنىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى مەنبەسى بولغان سۈننەتلىرى بىلەن شەرھلەپ ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ئەسىردە ياشىغان ساھابىلىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن تابىئىنلەر ۋە تەبئى تابىئىنلەر ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىسلام دىنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇنىڭ كەڭ تۈردە خاتىرىلىنىپ يېزىلىپ شەرھلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتتى.

www.munber.org

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ئىسلام دىنى **100** يىلغا يەتمىگەن ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە ھەققەت مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ ئەينى ۋاقىتتىكى بۈيۈك ئىككى ئىمپېرىيىگە خاتىمە بېرىپ پۈتۈن دۇنياغا كەڭ تارقالدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى ئىسلام دىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دىن بولۇش سالاھىيتى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشلىرىدا بولسۇن، ياكى ئىلىم ـ بىرىملىرىدا بولسۇن ۋە ياكى ئىش ھەرىكەتلىرىدە بولسۇن ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ئىسلام دىنى مەسجىدلەردە ياكى ئىبادەت سورۇنلىرىدا قىلىنىدىغان ئىبادەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن ھاياتلىقتىكى بارلىق تەرەپلىرىنمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدا قىلچە شەك يوقتۇر.

بىز بۇ مەزمۇندا تەپسىلىي توختىلىشنى قالدۇرۇپ ئۆزىمىزنىڭ بۇ كىچىك رىسالىسى "پەزىلەتلىك ئەمەللەر" توغرىسىدا ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

الله تائالا بىزلەرنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياراتتى، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾ [سۈرە زارىيات **56** ئايەت].

ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەر ئەقلىغا ئەمەس نەقىل (قۇرئان ھەدىس) غا تايانغاچقا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالاغا قانداق ئىبادەت قىلىشنى، نىمىنىڭ ئىبادەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ سۈننەتلىرى ئارقىلىق بىزلەرگە

www.munber.org

تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئىسلامىي ئالىملار نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئىبادەتنىڭ تۈرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ دائىرىلىرىنى بىر قەدەر تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ چىقىپ، ئىسلام دىنى نامى ئاستىدا قىلىنغان ھەر قانداق ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ قۇرئان، ھەدىس، ئىجما، قىياسلاردىن دەلىلى بولۇشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىشتى. شۇنداق تۇرۇغلۇق يەنە بىر بۆلۈك كىتابلار، بولۇپمۇ (پەزىلەتلىك ئەمەللەر) نامى ئاستىدا مەيدانغا چىقىپ، ئىسلام دىنىدا قىلچىلىك ئاساسى يوق ۋە ياكى ئاجىز، مەۋزۇئ، باتىل دەپ قارىلىدىغان ھەدىسلەرنى ئاساس قىلىپ ئىسلام دىنىدا ئاساسى يوق ئىبادەتلەرنىڭ مەيدانغا كىلىشىگە سەۋەبچى بولۇشتى. ئىسلام دىنىدىن خەۋەرسىز مۇسۇلمان ئاممىسى يېزىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىگە ئەگىشىپ ھەر تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى قىلىشىپ يۈرۈشمەكتە. بولۇپمۇ بۇنداق ئىشلار بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان.

مەن الله تائالانىڭ: ﴿ۋەز نەسىھەت قىلغىن، ۋەز نەسىھەت مۆئمىنلەرگە پايدىلىق﴾ [سۈرە زارىيات 55 - ئايەت] دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىدا ھەقىقىي ئورنى بار پەزىلەتلىك ئىبادەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ پايدىلىنىشى مەقسىتىدە، بۇ قىسقا رىسالىنى ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن سەھىھ دەپ قارالغان ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بىر بۆلۈكىنى رەتلەپ چىقتىم. سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبىدىن خاتالىقلار بولۇشى تەبىئى،

www.munber.org

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ قىسقا رىسالىنى ئوقۇپ پايدىلانغان ۋاقىتلاردا بۇ رىسالىنىڭ رويابقا چىقىشىغا ئۆچۈن ھەسسە قوشقان قېرىنداش ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى دۇئادا ياد ئېتىپ قويۇشىنى كەمچىلىك بىلەن ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇلۇغ الله بارلىق مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغاي. ئامىن!

پىغانىي

**1426** يىلى شەئباننىڭ **17** ـ كۈنى

www.munber.org

# ئاللاھنى ياد ئېتىش (زىكىر قىلىش) نىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، الله تائالاغا ئەڭ پاكراق كۆرۈلىدىغىنى ۋە خوجاڭلارنىڭ (الله نىڭ) دەرگاھىدا مەرتىۋەڭلەرنى يۇقىرى قىلىدىغان، ئالتۇن - كۈمۈش سەدىقە قىلغاندىنمۇ، جەڭ مەيدانلىرىدا دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ بىر - بىرىڭلارنىڭ بويۇنلىرىغا چېپىشقاندىنمۇ ياخشىراق بىر ئىش بىلەن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ (ئۇ بولسىمۇ) الله نى ياد ئېتىش (زىكىر قىلىش)».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئ 2629 - نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

## تارازا . مىزانىدا ئېغىرلىقى كۆپەيتىلىدىغان ئەمەللەر

### 1 ـ مەسجىدى ھەرەمدە ناماز ئادا قىلىشنىڭ پەزىلىتى

مەسجىدى ھەرەمدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش باشقا مەسجىدلەردە 200 مىڭ رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەل، مەسجىدى ھەرەمدە ئون رەكئەت ناماز ئوقۇش باشقا مەسجىدلەردە بىر مىليون رەكئەت ناماز ئادا قىلغاندىن ئەۋزەل.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ مەسجىدىمدىكى ناماز مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا مەسجىدلەردىكى 1000 نامازدىن ئەۋزەل، مەسجىد ھەرەمدىكى بىر ناماز ئۇنىڭدىن باشقا مەسجىدلەردىكى 100 مىڭ نامازدىن ئەۋزەل».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ 3838 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

### 2 ـ جۈمە نامىزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئېلىنغان ھەر بىر قەدەم كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىسى قىيامدا تۇرغان بىر يىللىق ئىبادەتكە باراۋەر. ئۆز پەرزەنتلىرىنى ۋە ئەرلىرىنى جۈمە نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈپ ئۇلارنىڭ جۈمە نامىزىغا بېرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان ئايال يۇقىرىدا دېيىلگەن ئەجىرگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

www.munber.org

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىپ، جۈمە نامىزىغا پىيادە بالدۇر بېرىپ ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇپ، خۇتبىگە جىم ئولتۇرۇپ قۇلاق سالسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدىن مەسجىدكە بارغۇچە ئېلىنغان ھەر بىر قەدىمى ئۈچۈن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرغان بىر يىللىق ئەمەلنىڭ (ساۋابى بېرىلىدۇ)».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ **6405** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

3 ـ خۇپتەن ۋە بامدات نامازلىرىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ھەرقانداق ئادەم بامدات نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلسا بىر كېچە قىيامدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلغانغا باراۋەردۇرر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا كېچىنىڭ يېرىمىغىچە قىيامدا تۇرغانغا ئوخشاش، كىمكى بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا تولۇق بىركېچە قىيامدا تۇرغانغا ئوخشاش».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ **6342** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

**4 ـ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

جامائەت بىلەن ناماز ئادا قىلىش اللە ئالدىدا ھەج قىلغانغا ئوخشاشتۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جامائەت بىلەن ناماز ئادا قىلىش ئۈچۈن ماڭغان بولسا، ئۇ ھەج قىلغانغا ئوخشاش، كىمكى نەپلە ناماز ئادا قىلىش ئۈچۈن ماڭغان بولسا، نەپلە ئۆمرە قىلغانغا ئوخشاش».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ **6556** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**5 ـ قۇبا مەسجىدىدە ناماز ئادا قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

مەسجىدى قۇبادا ئىككى رەكئەت ناماز ئادا قىلغان كىشىگە اللە تائالا تولۇق بىر ئۆمرە قىلغان ئادەمنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەسجىدى قۇبادىكى ناماز ئۆمرىگە ئوخشاش».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3872** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**6 ـ كۈن چىققاندا ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ پەزىلىتى**

www.munber.org

كـۈن چىققـانـدا ئوقۇلغـان نەپـلە نامـازنىڭ ئـەجرى ئـۆمرە، ھەج قىلغانغا باراۋەردۇرر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكـى بـامدات نـامىزىنى جامائـەت بىلـەن ئـادا قىلىــپ، الله نــى زىكــر قىلىـــپ، كــۈن چىققۇچــە ئولــتۇرۇپ، ئـاندىن ئىككـى رەكئـەت نامـاز ئـادا قىلسـا، ئـۇ ئـادەم ئۇچـۇن ھـەج ۋە تولـــۇق ئـــۆمرە قىلغـــاننىڭ ئەجرىگـــە ئوخشـــاش ئـــەجرى (بېرىلىدۇ)».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ 6246 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

7 ـ زۇھا نامىزىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

زۇھـــا نـــامىزى ئىنســـان جىســـمىدىكى 360 تـــال ئۇستىخاننىڭ سەدىقىسىگە باراۋەر بولىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

ئىنســـان پــــەرزەنتلىرى ئۈچـــۈن ھـــــەركۈنى بــــارلىق ئۇســـتىخانلىرى ئۈچـــۈن ســـەدىقە بېـــرىش لازىمـــدۇر، ئىككـــى رەكئـــەت زۇھـــا نـــامىزى بولســـا، شـــۇ ســـەدىقلەر ئۈچـــۈن يېتەرلىكتۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ 4035 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

8 ـ يوشـۇرۇن ئـادا قىلىنغـان نەپـلە نامـازنىڭ پـەزىلىتى

www.munber.org

توغرىسىدا

كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق قىلىپ يوشۇرۇن ئادا قىلىنغان نەپلە نامازكىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئادا قىلىنغان نەپلە نامازدىن **25** ھەسسە ئارتۇقتۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«باشقىلارنىڭ كۆزىدىن يىراقتا تۇرۇپ ئادا قىلىنغان نەپلە ناماز، كىشىلەر كۆز ئالدىدا ئادا قىلىنغان **25** نەپلە نامازغا باراۋەردۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ **3121** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىنساننىڭ پەرز نامازدىن باشقا ئۆز ئۆيىدە ئادا قىلغان نەپلە نامىزى، مېنىڭ مەسجىدىمدە ئادا قىلغان نەپلە نامازدىن ئەۋزەل».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

**9** ـ رامىزاندا ئۆمرە قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

رامىزاندا ئادا قىلىنغان ئۆمرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئادا قىلىنغان ھەجكە ئوخشاشتۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«رامىزاندىكى ئۆمرە مەن بىلەن ھەج قىلغانغا باراۋەردۇر».

www.munber.org

ھەدىسىنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس، بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

## 10 ـ ئەجرىسى ھەسسىلەپ بېرىلىدىغان تەسبىھ

جۇۋەيرە (اللّٰه ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنى ئادا قىلىپ بولۇپ ئۇنىڭ قېشىدىن سەھەردە چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاش ۋاقتى بولغاندا قايتىپ كەلدى. جۇۋەيرە بولسا ئۆز ھالىتىدە ئولتۇرىۋاتقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن چىقىپ كەتكەندىن بېرى مۇشۇ ھالەتتە ئولتۇردۇڭمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ: ھەئە، دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سەندىن ئايرىلغاندىن بېرى تۆت كەلىمە سۆز قىلدىم، ئەگەر مەن دېگەن كەلىمىلەر بىلەن سەن دېگەن كەلىمىلەرنى ئۆلچەش مۇمكىن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە (مەن دېگەن سۆزلەر بېسىپ چۈشكەن بولار ئىدى). (ئۇ كەلىمىلەر): سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى، ئەدەدە خەلقىھى، ۋە رىزا نەفسىھى، ۋەزىنەتە ئەرشىھى، ۋە مىدادە كەلىماتىھى».

بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

## 11 ـ سەدىقە جارىيەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

سەدىقە جارىيە دېگەن مەسجىد سېلىشقا، قۇدۇق كولاشقا، مەكتەپ قۇرۇشقا، يېتىملار مەكتىۋى قۇرۇشقا، پەرزەنتلىرىمىزنى ئىسلامىي تەربىيە بىلەن تەربىيىلەشكە، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىشقا، باشقىلارغا نەسىھەت

www.munber.org

قىلىشقا ئوخشاش ئەمەللەردۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچ خىل ئىشتىن باشقا ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ، سەدىقە جارىيە، مەنپەئەتلىك ئىلىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان ياخشى پەرزەنت».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ 793 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

12 ـ كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىش ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش، قىلالماي قالغان ئىشلىرنى قىلىپ بېرىش مەسجىدتە بىر ئاي ئېتىكاپتا ئولتۇرغانغا باراۋەردۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان قېرىندىشىم بىلەن ھاجەت ئۈچۈن مېڭىش مەسجىدتە بىر ئاي ئېتىكاپتا ئولتۇرغاندىن ياخشىراق كۆرىنىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ 176 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

13 ـ ھەرقانداق ئىشنى الله دىن ئەجرى ئۈمىد قىلىپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

مۇسۇلمان ھەرقانداق ئىشتا ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپ الله دىن ئەجرى ئۈمىد قىلىپ قىلسا الله ئۇ كىشىنىڭ

www.munber.org

نىيىتىگە قاراپ ئەجرى بېرىدۇ. مەسىلەن بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن ۋاقتىدا ئادا قىلىش ئۈچۈن بۇرۇن ئۇخلاشتىن ئەجرى ئۈمىد قىلىش، ئىبادەت ئۈچۈن كۈچلىنىشنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ يەپ ئىچىش، ھارامدىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلىپ كەسىپ قىلىش، زىنادىن ساقلىنىشنى مەقسەت قىلىپ توي قىلىشلارغا ئوخشاش.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ كۆرپىسىگە كېلىپ ئۇيقۇ غالىب كېلىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۈچۈن نىيەت قىلغان نەرسىسى يېزىلىدۇ (يەنى كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىق ساۋابى يېزىلىدۇ) ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى الله نىڭ ئۇنىڭغا قىلغان سەدىقىسى ھېسابلىنىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئ **5941** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ **2319** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**14** ـ الله يولىدا مال بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتى

www.munber.org

توغرىسىدا

اللّٰه تائالا ئۆز كىتابىدا مال مۈلۈك بىلەن جىھاد قىلىشنى ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشتىنمۇ بۇرۇن زىكىر قىلغان، اللّٰه يولىدا مال مۈلۈك بىلەن جىھاد قىلىش بىر ئاي كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ كۈندۈزى روزا تۇتقانغا باراۋەر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللّٰه يولىدا بىر كېچە كۈندۈز ئات باغلىسا، ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر ئاي كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىسى قىيامدا تۇرغاننىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجرى بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ **6259** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىمكى اللّٰه يولىدا بىر كېچە ئات باغلىسا، ئۇنىڭغا **1000** كېچە كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىسى قىيامدا تۇرغان ئادەمنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجرى بېرىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **5915** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

ئەلبانىي بۇ ھەدىسنى ھەسەن ھەدىس دېگەن.

نەسەئى **3170** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**15** ـ بىر خىل ئەمەلنى كۆپ نىيەت بىلەن قىلىش

www.munber.org

توغرىسىدا

بىر خىل ئەمەلنى قىلغان ۋاقىتىمىزدا نىيىتىمىزنى ياخشى قىلساق شۇ بىر ئەمەل ئۇچۇن كۆپ خىل ئەمەل قىلغانلىقنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىش مۇمكىندۇر، مەسىلەن: ئايال كىشى ئۆزىنىڭ يولدىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلىغان ۋاقىتىدا بىر نەچچە خىل نىيەتنى مەقسەت قىلسا، شۇلار ئۇچۇن اللّٰه شۇ بىر ئىش ئۇچۇن نەچچە خىل ئەجرى بەرگۈچىدۇر مەسىلەن

- اللّٰه نىڭ رىزالىقىنى نىيەت قىلىش

- ئەرنىڭ رىزالىقىنى مەقسەت قىلىش، چۈنكى اللّٰه نىڭ رىزالىقى ئەرنىڭ رىزالىقى بىلەن بىرگە بولىدۇ (بۇيەردە كۆزدە تۇتقىنىمىز ئىسلامىيەت روھىغا ئۇيغۇن ئەرنىڭ تەلەپلىرىنى ئىجرا قىلىش اللّٰه نىڭ رىزالىقى بىلەن بىرگە بولىدۇ).

- ئۇلارنى يوقلىغاندا سىلە رەھىمنى مەقسەت قىلىش.

- ئۇلار كېسەل ۋاقىتلىرىدا كېسەل يوقلاشنى مەقسەت قىلىش.

- ئۇلارنىڭ قىلالمىغان قالغان ئىشلىرى بولسا قىلىشىپ بېرىپ مۇسۇلمانغا ياردەم قىلىشنى مەقسەت قىلىش.

- ئۇلارنى يوقلاش بىلەن ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى مەقسەت قىلىش.

- ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل سۆزلىرىنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەن روقىيەلەرنى ئوقۇپ

www.munber.org

پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ ســۈننىتىنى ئىجــرا قىلىــش... شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھــەرقانداق ئەمەللــەر نىيەتكــە بــاغلىق، ھــەرقانداق ئــادەم ئۈچۈن ئۆزى نىيەت قىلغان ئىش بار».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ 2319 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

يەنــە پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام مۇنــداق دېگــەن: «اللّٰه غــا ئــەڭ ياخشــى كۆرىلىدىغــان ئــادەم كىشىلەرگــە مەنپــەئەتلىكرەك كىشىدۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 176 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

16 ـ بالا مۇسىيبەتلەرگە سەۋر قىلىش

مۇسىبەتلەرگــە ســەۋر قىلىشــنىڭ مەرتىۋىســى ئىســلامىيەتتە ئىنتــايىن يۇقىــرىدۇر، قىيامــەت كۈنىــدە مۇسىبەتلەرگــە ســەۋر قىلغۇچىلارغــا اللّٰه تائــالا ئــەڭ بۈيــۈك ئەجرلــەرنى بەرگــىلى تۇرغــان ۋاقىتتــا مۇســىبەتلەر كەلگــەندە اللّٰه تائالاغــا مۇناجــات قىلىــپ مۇســىبەتلەرنى ئــۆزىدىن يىــراق قىلىــش ئۈچــۈن دۇئــا قىلغــان كىشــىلەر ۋاي ئىســىت نىمــە ئۈچــۈن مۇســىبەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىشــنى تەلــەپ قىلغــان بولغىيتــتۇق، دۇنيــادىكى ئــازراق جاپــا مۇســىبەتكە ســەۋر قىلغــان بولســاق بــۇلار ئالغــاندەك يۇقىــرى كاتتــا ئەجرلەرگــە ئېرىشەلمەســىمىدۇق، دەپ پــەرياد قىلىشــىپ

www.munber.org

قالىدۇ.

بۇ ھەقتە اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلغۇچىلار ئۇچۇن ھېسابسىز ئەجرى تولۇق بېرىلىدۇ﴾ [سۈرە زۇمەر 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«(بۇ دۇنيادا) مۇسىيبەتتىن قۇتۇلغان كىشىلەر قىيامەت كۈنىدە مۇسىيبەت ئەھلىنىڭ ئەجرلىرىنى كۆرگەن ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ تېرىلىرىنىڭ قايچىلار بىلەن پارچىلىنىشىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ 5484 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«اللە مۇسۇلمان بەندىسىنىڭ جىسمىنى بىرەر بالا بىلەن ئىمتىھان قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ: ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى يازىمەن، ئەگەردە ئۇ كېسەللىدىن شىپالىق تاپسا ئۇنى يۇيۇپ پاكلايدۇ، ئەگەردە بۇدۇنيادىن خۇشلاشسا ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ رەھىم قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى 258 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

17 ـ زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈندىكى ئىبادەتنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇل ھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈندە ئىبادەت قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ باشقىلارغا بۇ ئون كۈندە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىشقا تەرغىپ قىلاتتى، ھەم شۇنداقلا ئۆزىمۇ بۇ ئون كۈننى قولدىن بەرمەي ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلاتتى.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«زۇل ھەججە ئېيىدىكى ئون كۈنلۈك ئىبادەت الله يولىدا جىھات قىلىشتىنمۇ ئەۋزەلدۇر، پەقەت الله يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جېنى ۋە مېلى بىلەن چىقىپ ئۇلاردىن ھېچقايسىسى قايتمىغان كىشى بۇنىڭ سىرتىدا».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ 5548 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

18 ـ ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتۇش ئىككى يىللىق يەنى ئۆتكەنكى يىللىق ۋە كەلگۈسى يىللىق گۇناھلارنى كەففارەت قىلغۇچىدۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەرەفات كۈنىنىڭ روزىسى ئۆتكەنكى يىللىق ۋە كېلەر يىللىق (گۇناھلار ئۈچۈن) كەففارەتتۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئ 3805 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

19 ـ مۆئەززىننىڭ ئەجرى توغرىسىدا

كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىش ئۈچۈن ئەزان ئوقۇغان كىشىگە الله تائالا ئۇ ئادەمنىڭ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ نامازغا كەلگەن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋاتماستىن بىر كىشىلىكتىن ئەجرى بېرىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مۆئەززىن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەۋازى مىقدارى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇغان ئادەملارنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجرى بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئىتكى 6643 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

20 ـ كېسەل يوقلاشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

كېسەل يوقلىغان ئادەمگە 70 مىڭ پەرىشتىگە رەھمەت ئوقۇيدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان قايسى چاغدا بولسۇن بىر مۇسۇلماننى يوقلىسا الله تائالا 70 مىڭ پەرىشتىنى ئۇ ئادەم ئۈچۈن كۈندۈزدە يوقلىغان بولسا كېچىگىچە، كېچىدە يوقلىغان بولسا تاڭ ئاتقۇچە رەھمەت ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ 5687 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

**21** ـ سىلە ـ رەھىم (ئۇرۇق ـ تۇغقانى يوقلاش)نىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ھەرقانداق ئادەم ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرنى يوقلىسا (گەرچە ئۇلار يۈلىمىسىمۇ) اللّٰه تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىدۇ، رىزىقىنى كەڭرى ۋە بەرىكەتلىك قىلىدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى رىزقىنىڭ كەڭرى بولۇشىنى ۋە خاتالىق ئىزلىرىنىڭ ئۆنتۇلۇپ كېتىشىنى ياخشى كۆرسە ئۇرۇغ تۇغقانلىرنى يوقلىسۇن».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئ **5956** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**22** ـ ياخشىلىققا باشلاپ قويۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ياخشىلىققا باشلاپ قويۇش، ياكى ياخشىلىققا شارائىت يارىتىپ بېرىش، ياخشى ئىش قىلغانلارغا ياردەم قىلىش، ياكى ئەۋلادلىرىمىزنى ئىسلام تەلىماتىغا ئۇيغۇن تەربىيىلەشكە ئوخشاش ئىشلار شۇ ياخشى ئىشنى قىلغانغا باراۋەردۇر، شۇنىڭدەك يامان ئىشقا ياردەم قىلىش، يامان ئىش قىلىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش، يامانغا يانتاياق بولۇش، شۇ يامان ئىشنى ئۆزى قىلغانغا باراۋەردۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ياخشى ئىشتىن بىرنى يولغا قويۇپ ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەجرى، ئۇ ئىشنى

www.munber.org

قىلغان بارلىق ئادەملەرنىڭ ئەجرىمۇ ئۇلارنىڭ ئەجرى كېمەيتىلمەستىن ئۇ كىشىگىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. كىمكى يامان ئىشتىن بىرنى يولغا قويۇپ ئۆزى قىلغان بولسا ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قىلغان بارلىق كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىمۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى كېمەيتىلمەستىن ئۇ كىشىگە بولۇپ تۇرىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئ 6306 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

23 ـ پەيغەمبەر پەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ھەرقانداق ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قېتىم دۇرۇت ئوقۇسا الله تائالا ئۇ كىشىگە ئون قېتىم دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ھەمدە ئۇ ئادەمنىڭ ئون گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، مەرتىۋىسىنى ئون ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئوقۇسا الله تائالا ئۇ كىشىگە ئون قېتىم دۇرۇت ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ ئون گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ مەرتىۋىسىنى ئون ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 6359 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

24 ـ رامىزاندا قىيامدا تۇرۇشنىڭ ۋە ئاخىرقى 10 دا

www.munber.org

تولۇق قىيامدا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

اللە تائالا رامىزان ئېيىدا كېچىلىرى تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقان كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، قەدىر كېچىسىدە ئىبادەت قىلىش 1000 ئاي ئىبادەت قىلغان دىن ئەۋزەلدۇر.

بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى رامىزان ئېيىدا اللە غا ئىشىنىپ ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرىدىكەن اللە تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6440** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قەدىر كېچىسى مىڭ ئاي دىن ياخشى﴾ [سۈرە قەدىر **3** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

**25** ـ بازاردا اللە نى ياد ئېتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بازارغا كىرىپ "اللە دىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق زات يوقتۇر، اللە نىڭ شېرىكى يوق، بارلىق پادىشالىق اللە ئۈچۈندۇر، اللە تائالا تىرىگۈزىدۇر، اللە تائالا ئۆلتۈرگۈچىدۇر، اللە مەڭگۈ ھاياتتۇر، بارلىق ياخشىلىق اللە نىڭ قولىدىدۇر، اللە ھەممىگە قادىردۇر" دېسە اللە تائالا ئۇ

www.munber.org

كىشىگە مىڭ مىڭ ياخشىلىق يېزىپ مىڭ مىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ، مەرتىۋىسىنى مىڭ مىڭ ھەسسە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى 6231 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

26 ـ ئىخلاس سۈرىسىنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئىخلاس سۈرىسىنى بىر قېتىم ئوقۇش قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرقىسمىنى ئوقۇغانغا باراۋەردۇر.

بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىر كېچىدە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرقىسمىنى ئوقۇشتىن ئاجىز كېلەمدۇ؟ كىمكى ”قۇل ھۇۋاللاھۇ ئەھەد“ نى كېچىدە ئوقۇسا شۇ كېچىدە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرقىسمىنى ئوقۇغان بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 2663 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

27 ـ شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇش بىر ئۆمۈر روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر.

بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

كىمكى رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن

www.munber.org

شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتسا زامان روزىسىغا (بىر ئۆمۈر روزا تۇتقانغا) ئوخشاشتۇر.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6327** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**28** ـ ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ھەر ئاينىڭ **13** ـ، **14** ـ، **15** ـ كۈنلىرى (بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنى ئىسلامى كالېنداردىكى ئاينىڭ كۈنلىرى) روزا تۇتۇش بىر ئۆمۈر روزا تۇتقانغا باراۋەردۇر.

بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش زامان روزىسىدۇر، ئۇ ئاق (ئايدىڭ بولىدىغان) كۈنلەر بولسا **13** ـ، **14** ـ **15** ـ كۈندۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3849** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**29** ـ پېقىرلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئى كەمبەغەللەر! سىلەرگە بىر ئىش بىلەن خۇشخەۋەر بېرەيمۇ؟ مۆئمىنلەرنىڭ كەمبەغەللىرى مۆئمىن بايلاردىن يېرىم كۈن: بەش يۈز يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

www.munber.org

سەھىھۇل جامىئتىكى 7976 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**30 ـ جەننەتكە ئۆي سېلىش**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ”قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد“ نى ئون قېتىم ئوقۇسا اللە تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 6472 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**31 ـ جەننەتكە كۆچەت تىكىش**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ”سۇبھانائللاھى ۋە بىھەمدىھى“ دېسە ئۇ ئادەم ئۈچۈن جەننەتتە بىر تال خورما تىكىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 6429 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**32 ـ ئولتۇرغان يەرنىڭ كەففارىتى توغرىسىدا**

بەزى يەرلەردە ئولتۇرغاندا غەيۋەت ـ شىكايەتتىن ۋە شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى چەكلىگەن يامان سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن خالىي بولالمايمىز، شۇ يامان ھەرىكەتلىرىمىز ئۈچۈن كەففارەت بېرىشىمىز لازىمدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز بىرەر ئورۇندا ئولتۇرۇپ تۇرۇپ كېتىدىغان

www.munber.org

ۋاقـــتىدا ئوقۇيدىغـــان دۇئـــانى بىـــز ئاســـىي ئۈممەتلىرىگـــە ئۆگەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكـى بىـرەر ئورۇنـدا ئولـتۇرۇپ خاتـالىقى كـۆپ بولـۇپ قالسـا ئورنىدىـن تۇرۇشـتىن بـۇرۇن "الله غـا ھـەمد ئېيـتىش بىلـەن ئۇنـى پـاك دەپ يـاد ئېتىمـەن، ئـى الله سـاڭا ھـەمد ئېيتىمـەن ۋە سـەندىن باشـقا ئىبـادەت قىلىشـقا لايىـق زات يوقـتۇر، سـەندىن گـۇناھىمنىڭ كـەچۈرۈم بولۇشـنى تەلـەپ قىلىمـەن، سـاڭا تەۋبـە قىلىمـەن" دېسـە ئـۇ مەجلىسـتە قىلىـپ سالغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سـەھىھۇل جـامىئتىكى **6192** ـ نومۇرلـۇق ھەدىسگـە قاراڭ.

**33** ـ الله تائالاغـا ئـەڭ ياخشـى كۆرۈلىدىغـان كەلىمـە توغرىسىدا

ئـەبى زەر (الله ئـۇ كىشـىدىن رازى بولسـۇن) دىـن رىۋايـەت قىلىـنىدۇكى، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «الله تائالاغـا ئـەڭ ياخشـى كۆرۈلىدىغـان كەلىمىلـەردىن سىلەرگـە خـەۋەر بېـرەيمۇ؟ الله تائالاغـا ئـەڭ ياخشـى كۆرۈلىدىغـان كەلىمىلـەر "سـۇبھانا للاھى ۋە بىھـەمدىھى" دۇر، يەنـە بىـر رىۋايەتتـە پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام ئـەڭ ئـەۋزەل كەلىمىلـەر قايسـى؟ دەپ سـورالدى، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله ئـۆز مـالائىكلىرى

www.munber.org

ۋە ئۇز بەندىلىرى ئۈچۈن تاللىغان سۆز "سۇبھا نااللاھى ۋەبىھەمدىھى" دۇر».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«اللّٰه تائالاغا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان كەلىمىلەر تۆتتۇر، سۇبھانائاللاھى، ۋەلھەمدۇ لىللاھى، ۋەلا ئىلاھە ئىللا ھۇۋە ۋەللاھۇ ئەكبەر، بۇلارنىڭ قايسىسىدىن باشلىسا ھېچقىسى يوقتۇر».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**34** ـ زىكرى ۋە دۇئالارنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«زىكرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى: "لا ئىلاھە ئىللا لىلاھ" تۇر، دۇئالەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلى "ئەلھەمدۇ لىللاھ" تۇر.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **1104** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**35** ـ كۈندە **100** قېتىم تەسبىھ ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار كۈنىگە **100** ياخشىلىق قىلىشتىن ئاجىز كېلەمدۇ؟ اللّٰه تائالاغا **100** قېتىم تەسبىھ

www.munber.org

ئېيــتىش (بىلــەن) يــۈز مــىڭ خاتــالىق ئــۆچۈرلۈپ مــىڭ ياخشىلىق يېزىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســەھىھۇل جــامىئتىكى 2665 ـ نومۇرلــۇق ھەدىســكە قاراڭ.

**36 ـ "لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە" نىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام مۇنــداق دېگــەن: ئــى ئابــازەر! ســېنى جەننــەتنىڭ كــانلىرىدىن بىرگــە باشــلاپ قويــايمۇ؟ (ئــۇ بولسىمۇ) "لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ"».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســەھىھۇل جــامىئتىكى 7944 ـ نومۇرلــۇق ھەدىســكە قاراڭ.

**37 ـ ئەڭ مەرتىۋىلىك كەلىمىلەر توغرىسىدا**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكــى ســەھەردە ۋە كەچتــە "ســۇبھا نەللاھىلئــەزىم ۋە بىھــەمدىھى" نــى 100 قېــتىم دېســە قىيامــەت كۈنىســدە يۇقــىرىقى ســۆزنى ئــۇ كىشىگــە ئوخشــاش دېگــەن ۋە يــاكى ئۇنىڭدىــن زىيــادە دېگــەن ئــادەمدىن باشــقا كىشــلەر ئۇنىڭدىــن ئەۋزەلرەك بىرنەرسە كەلتۈرەلمەيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 6425 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

**38** ـ قۇل ئازاد قىلغانغا بارەۋەر كەلىمە توغرىسىدا

ئەبۇ ئەييۇب ئەلئەنسارى (اللّٰه ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىندۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ”اللّٰه دىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق زات يوق، اللّٰه نىڭ شېرىكى يوق، بارلىق پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇسانا اللّٰه تائالاغا خاس، اللّٰه ھەر نەرسىگە قادىردۇر“ دېسە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تۆت قۇلنى ئازاد قىلۋاتقانغا ئوخشاش بولىدۇ».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**39** ـ ئاسىلەرنى تەۋبە قىلىشقا چاقىرىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«اللّٰه تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى سېنىڭ سەۋەبىڭدىن بىر ئادەمنىڭ توغرا يول تاپقانلىقى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشى».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **7094** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**40** ـ دوزاختىن يىراق قىلىدىغان كەلىمە توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىدە **360** تال سۆڭەك يارىتىلدى، كىمكى اللّٰه غا تەكبىر ئېيتسا ۋە ھەمدى

www.munber.org

ئىبادەت قىلىشقا يۈزلىنىدىغان، پەقەت بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان، ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىدىغان، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەيدىغان، سۇبھانەللاھ ئېيتىدىغان، ئاللاھقا تەۋبە ئىستىغفار ئېيتىپ يولدىكى (كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان) تاش، تىكەن، سۆڭەكلەرنى يىراق قىلسا، ۋە كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشلاردىن توسسا 360 سۆڭەكنىڭ ھېسابىدە سانىلىپ ئۇ كىشى ئۆزىنى دوزاختىن يىراق قىلىپ كەچ قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 2391 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**41 ـ ساۋابى كۆپەيتىلىدىغان ئىستىغفار توغرىسىدا**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللار ئۈچۈن ئىستىغفار ئېيتسا اللە تائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن ھەر بىر مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئاياللىنىڭ (سانىنىڭ باراۋىرىدە) ساۋاب يازىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 6026 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**42 ـ اللە يولىدا غازات قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«اللە يولىدا تۇرغان ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ناماز ئوقۇپ تۇرۇۋاتقان ئادەمدىن 70 ھەسسە ئەۋزەل، اللە تائالانىڭ گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلىپ جەننەتكە

www.munber.org

كىرگۈزۈشنى خالىمامسىلەر؟ اللە يولىدا غازات قىلىڭلار، كىمكى اللە يولىدا غازات قىلىش ئۈچۈن چىقىپ تۆگە دەسسەپ ئولتۇرۇلگەن تەقدىردىمۇ جەننەت ئۇ كىشىگە ۋاجىب بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **7379** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**43** ـ قۇرئان كەرىمنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقىڭلار قۇرئاننى ئۆگىنىپ (باشقىلارغا) ئۆگەتكۈچى كىشىدۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى **1415** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قۇرئاننى ئوقۇڭلار، قىيامەت كۈنى قۇرئان كەرىم قۇرئاننى ئوقۇغۇچىلارغا شاپائەت قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى **1424** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى قۇرئان ئەھلى (قۇرئاننى ياد ئالغۇچى، ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلغانلار) كەلتۈرۈلىدۇ، قۇرئان كەرىم ئى رەببىم! بۇلارنى زىننەتلىسەڭ؟ دەپ مۇناجات قىلىدۇ، الله تائالا ئۇلارغا ئەڭ مەرۋەتۇلۇك تاجلارنى كەيدۈرىدۇ، قۇرئان كەرىم ئى رەببىم! تېخىمۇ زىيادە قىلساڭكەن؟ دەيدۇ، الله تائالا ئۇلارغا مەرتىۋىلىك تونىنى كەيدۈرىدۇ، ئى رەببىم! ئۇلارنى سەندىن رازى بولغۇدەك رازى قىلساڭكەن دەيدۇ، ئۇلارغا قۇرئاننى ئوقۇپ يۇقىرى ئورلەڭلار دېيىلىدۇ، قۇرئان كەرىمدىكى ھەر بىر ئايەت (سەۋەبىدىن) بىردىن ياخشىلىق كۆپەيتىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى **1425** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى قۇرئان ئەھلىگە قۇرئاننى ئوقۇپ يۇقىرى ئۆرلىگىن، (قۇرئان كەرىمنى) دۇنيادا قانداق تەرتىل بىلەن (يەنى دانىمۇدانە، ئوچۇق) ئوقۇغان بولساڭ شۇنداق ئوقۇغىن، ئەڭ ئاخىرى ئوقۇغان ئايىتىڭ سېنىڭ (جەننەتتىكى) ئورنۇڭ بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى **1426** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«روزا، قۇرئان قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلىدۇ:

”روزا ئــى رەبــبىم! مــەن ئۇنــى كۈنــدۈزى يېمــەك ـ ئىچمــەكتىن توســتۇم، شاپــائىتىمنى قوبــۇل قىلغىــن، دەيــدۇ. قۇرئــان كــەرىم مــەن ئۇنــى كېچىلــرى ئۇيقىدىــن توســتۇم شاپــائىتىمنى قوبــۇل قىلغىــن دەيــدۇ، (الله تائــالا ئۇلارنىــڭ تەلىپــىنى قوبــۇل قىلىــدۇ، روزا قۇرئــان ئــۆز ئىگىلىرىگــە) شاپائەت قىلىدۇ“».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســەھىھ ئەتتــەرغىب ۋەتتــەرھىيبتىكى **1429** ـ نومۇرلــۇق ھەدىسكە قاراڭ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكــى قۇرئــان كــەرىمنى ئوقــۇپ ئۇنــى ئۆگــىنىپ ئۇنىــڭ بىلــەن ئەمــەل قىلسا، الله تائــالا ئــۇ كىشــىنىڭ ئاتــا ـ ئانىســىغا قىيامــەت كۈنــى كۈننىــڭ نۇرىغــا ئوخشــاش نۇردىــن بولغــان بىــر تــاج كــەيدۈرۈلىدۇ ۋە تــون كــەيدۈرۈلىدۇ، پــۈتۈن دۇنيــا ئــەھلى ئۇلارغــا (ھۆرمــەت قىلىشــىپ) ئورۇنلىــرىدىن تۇرىشــىدۇ. ئــۇلار (قۇرئــان ئوقــۇپ ئۆگــىنىپ ئۇنىــڭ تەقەززاســى بىلــەن ئەمــەل قىلغــان كىشــىنىڭ ئاتــا ـ ئانىســى ھــەيرانلىق بىلــەن) نېمــە ســەۋەبتىن بۇنــداق تونلارنــى كىيىمىــز؟ دېيىشــىپ قــالىدۇ، ئۇلارغــا بــالاڭلارنىڭ قۇرئــاننى تۇتقــانلىق (قۇرئــان ئوقــۇپ ئۆگــىنىپ ئۇنىــڭ تەقەززاســى بىلــەن ئەمــەل قىلغــانلىق) سەۋەبىدىن دېيىلىدۇ».

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى **1434** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى كېچىلىكدە ئون ئايەت ئوقۇيدىكەن غاپىللەرنىڭ قاتارىدا يېزىلمايدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى **1436** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**44** ـ سۈرە فەتىھەنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبى سەئىد ئەلمۇئەللا (اللہ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى مەن مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتاتتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىردى، مەن جاۋاب بەرمىدىم، كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مەن ناماز ئوقۇۋاتقان ئىدىم دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللہ ۋە اللہ نىڭ رەسۇلى سىلەرنى چاقىرسا ماقۇل دەڭلەر دېمىگەنمۇ؟» مەن ساڭا مەسجىدتىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ كاتتا سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن دەپ قولۇمنى تۇتتى، مەسجىدتىن چىقىپ كەتكىلى ئاز قالغان ۋاقىتتا مەن ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! سەن قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ كاتتا سۈرىنى ئۆگىتىپ قويىمەن دېگەن دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ئەلھەمدۇ لىللاھى رەببىل



www.munber.org

ئـالامن“ يەتتە ئايەتتۇر، ۋە ماگا نازىل قىلىنغان كاتتا قۇرئاندۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى 1452 نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

45 ـ بەقەرە ۋە ئال ئىمران سۈرىلىرىنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن

«ئۆيلىرىڭلارنى قەبرىستانلىقتەك (قۇرئان ئوقۇلمايدىغان) قىلىۋالماڭلار، شۈبھىسىزكى شەيتان سۈرە بەقەر ئوقۇلىدىغان ئۆيدىن قېچىپ كېتىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى 1458 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بەقەرە سۈرىسىنى ۋە ئال ئىمران سۈرىسىنى ئۆگىنىڭلار، ئۇ ئىككىسى قىيامەت كۈنى ئۆز ئەھلىگە گۈللۈك سايىۋەن بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى 1466 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

46 ـ ئايەتەل كۇرسىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئۇبەييىبنى كەئىب (اللە ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى يەنە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئابا مۇنزىر! سەن بىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى قايسى؟» مەن اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەنە سەن بىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى قايسى؟» دېدى، مەن ”اللە لا ئىلاھە ئىللا ھۇۋەل ھەييۇل قەييۇم“ دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆكسىمگە ئۇرۇپ «بىلىملىك ئىكەنسەن» دېدى.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى 1471 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

47 ـ سۈرە كەھفىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى سۈرە كەھفتىن ئون ئايەتنى ياد ئالسا اللە تائالا ئۇ كىشىنى دەججال (نىڭ پىتنىسى) دىن ساقلايدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىيبتىكى 1473 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

48 ـ ئۈچ سۈرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

«... قـۇل ھۇۋەللاھـۇ ئەھـەد قۇرئـان كـەرىمنىڭ ئۈچتىـن بىرگـە بـارەۋەر بولـىدۇ، ”قـۇل يـا ئەييۇھـەل كـافىرۇن“ قۇرئـان كەرىمنىڭ تۆتتىن بىرىگە باراۋەر بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

ســەھىھ ئەتتــەرغىب ۋەتتــەرھىيبتىكى **1477** ـ نومۇرلــۇق ھەدىسكە قاراڭ.

ئىزاھــات: چىكــت قويۇلغــان ئورۇنغــا ”ســۈرە زەلزەلــە“ زىكــر قىلىنغــان بولــۇپ بــۇ ســۈرىنى زىكــر قىلىــش ســەھىھ ئەمەس.

**49** ـ مۇئەۋۋەزەتــەيىن ”فەلــەق، ۋە نــاس ســۈرىلىرى“ نىــڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئۇقبەتــەبنى ئــامىر (اللّٰه ئــۇ كىشــىدىن رازى بولســۇن) دىــن رىۋايــــەت قىلىــــــندۇكى مــــەن سەپــــەردە پــــەيغەمبەر ئەلەيھىسســــــالامنىڭ ئۇلىغــــــنى يېتىلــــەپ كېتىۋاتــــاتتىم، پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام: «ئــى ئۇقبــە! مــەن ســاڭا ئــەڭ ياخشــى ئىككــى ســۈرىنى ئۆگــىتىپ قويــايمۇ؟» دەپ ئــۇ ئىككــى سۈرىنى ئوقـۇدى، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام ماڭـا «قـۇل ئـەئۇزۇ بىــرەب بىلفەلــەق، ۋە قــۇل ئــەئۇزۇ بىــرەب بىننــاس» نــى ئۆگىتىپ قويدى.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن

ســەھىھ ئەتتــەرغىب ۋەتتــەرھىيبتىكى **1485** ـ نومۇرلــۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

### 49 ـ گۇناھتىن تەۋبە قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

كىمكى گۇناھ قىلىپ گۇناھىدىن تەۋبە قىلىدىكەن الله تائالا ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان جىنايەتلىرىنى ياخشى ئىشلارغا ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ.

تەۋبىنىڭ شەرتلىرى:

1 ـ قىلۋاتقان جىنايەتتىن يىراق بولۇش

2 ـ ئىلگىرى قىلىپ سالغان جىنايىتى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىش

3 ـ شۇ يامان جىنايەتكە قايتا قايتماسلىق كەسكىن ئىرادىسىگە كېلىش

4 ـ قىلغان جىنايەتتە باشقىلارنىڭ مال مۈلكىگە ئالاقىلدار ھەقلىرى بولسا ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش.

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەردە بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇندىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىز سەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزلەرگە ياردەم بەرگىن﴾ [سۈرە بەقەرە 286 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

www.munber.org

## گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش

شەيتان الله تائالا لەنەت قىلغان ۋاقىتتا مۇنداق دېگەن ئىكەن

سېنىڭ ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسانلارنىڭ روھلىرى جەسەتلىرىدىلا بولىدىكەن مەن ئۇلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

«الله تائالا شەيتانغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مېنىڭ ئىززىتىم ۋە بۈيۈكلۈكۈم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى (ئىنسانلار) مەندىن كەچۈرۈملا تەلەپ قىلسىپ تۇرىدىكەن مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىمەن».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **1650** - نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

ئى قېرىندىشىم كىملەر جىنايەتتىن خالىي دەيسىز. قانچە كۆنلەر جىنايەت پاتقىقىغا پېتىپ يۈردۈك؟

قانچە كۆنلەر قىلغان جىنايەتلىرىمىزگە كەچۈرۈم تەلەپ قىلماي يۈردۇق؟

قاچانغىچە مۇشۇنداق يۈرمەكچى؟

ياكى كەسكىن ئىرادىگە كېلىپ گۇناھىڭىزنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى ئۈمىد قىلامسىز؟

www.munber.org

ئۈنــداق بولســا ھۆرۈنلــۈق قىلمــاي تــۆۋەندىكى ئىشــلارغا دىققەت قىلغايسىز:

1 ـ تەۋبە قىلىشقا ۋە ئىستىغفار ئېيتىشقا ئالدىراش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ســول تەرەپــتىكى پەرىشــتە گــۇناھ قىلغــان مۇســۇلماندىن ئالتــە ســائەت قەلــەمنى كــۆتۈرۈپ (قىلغــان جىنايــەتلىرنى يازمــاي كۈتــۈپ) تۇرىــدۇ، ئەگــەردە (جىنايــەت قىلغــان كىشــى) قىلغــان ئىشــىغا پۇشــايمان قىلىــپ اللە قــا ئىســتىغفار ئېيتســا ئــۇ پەرىشــتە ئــۇ گــۇناھنى ئــۇ كىشــىدىن تاشــلىۋېتىدۇ (يازمــايدۇ) ئەگــەردە (يەنــە تەۋبــە قىلمــاي يۈرۈۋەرســە) بىــر جىنايــەت يازىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

ســـەھىھۇل جـــامىئتىكى 2097 ـ نومۇرلـــۇق ھەدىســـكە قاراڭ.

2 ـ ئەزان ئاڭلىغاندا دۇئا قىلىشنى ئۇنتىماڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكــى مۇئــەززىننىڭ ئــاۋازىنى ئاڭلىغــاندا "مــەن ئــۆزى يــالغۇز اللە دىــن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق زاتنىڭ يوقلۇقىغا گــۇۋاھلىق بېرىمــەن، اللە نىــڭ شــېرىكى يوقــتۇر ۋە مۇھەممــەد ـ ئەلەيھىسســـالامنىڭ ـ اللە نىـــڭ بەندىســـى ۋە ئەلچىســـى ئىكەنلىكىگــە گــۇۋاھلىق بېرىمــەن ۋە اللە نىــڭ تەربىيــەتچى ئىكەنلىكىگـــە، مۇھەممـــەد ئەلەيھىســـالامنىڭ رەســـۇل

www.munber.org

ئىكەنلىكىگە، ئىسلامىيەتنىڭ دىن ئىكەنلىكىگە رازى بولدۇم“ دېسە اللہ تائالا ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6422** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**3** ـ تەھارەت ئالغان ۋە ناماز ئوقۇغان ۋاقىتتا دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇماڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مۆئمىن بەندە تەھارەت ئالغان چاغدا ئاغزىنى چايقىسا ئاغزىدىكى جىنايەتلەر چىقىپ كېتىدۇر، بۇرنىنى چايقىغاندا بۇرنىدىكى جىنايەتلەر چىقىپ كېتىدۇ، يۈزنى يۇغاندا يۈزدىكى خاتالىقلەر ھەتتاكى كۆزنىڭ كىرپىكلىرى ئاستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇر،ئىككى قولنى يۇغاندا ئىككى قولنىڭ خاتالىقلىرى ھەتتاكى تىرناق ئاستىلىرىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇر، باشقا مەسىھى قىلغاندا ھەتتاكى قۇلاقلىرىدىنمۇ خاتالىقلىرى چىقىپ كېتىدۇر، ئىككى پۇتنى يۇغاندا ھەتتاكى ئىككى پۇتلىرىنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىنمۇ خاتالىقلىرى چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ مەسچىتكە مېڭىشى ۋە نامىزى ئۇ ئادەم ئۈچۈن نەپلە بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **449** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكـــى مىنـــڭ تاھارىتىمگـــە ئوخشـــاش تاھـــارەت ئالســـا ئۇنىڭدىـــن كېيىـــن ئورنىدىـــن تـــۇرۇپ كـــۆڭلىدە ھېچقـــانداق نەرســـە پـــەيدا قىلمـــاي ئىككـــى رەكئـــەت نامـــاز ئوقۇســـا اللە تائـــالا ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

ســـەھىھۇل جـــامىئتىكى 6175 ـ نومۇرلـــۇق ھەدىســـكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكـــى بۇنىڭغـــا ئوخشـــاش تاھـــارەت ئـــېلىپ ئۇنىڭدىـــن كېيىـــن مەســـجىدكە چىقســـا، (مەســـجىدكە چىقىشـــتىكى ئاساســـى مەقســـىتى نامـــازلا بولســـا) اللە تائـــالا ئۇنـــىڭ ئىلگـــىرىكى گۇناھلىرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســـەھىھۇل جـــامىئتىكى 6177 ـ نومۇرلـــۇق ھەدىســـكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكـــى بۇنىڭغـــا ئوخشـــاش تاھـــارەت ئالســـا ئىلگـــىرىكى گـــۇناھلىرى كـــەچۈرۈم قىلىـــنىدۇ، ۋە ئـــۇ ئـــادەمنىڭ نـــامىزى ۋە مەسجىدكە مېڭىشى ئۇ ئادەم ئۈچۈن نەپلە بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

www.munber.org

سەھىھۇل جامىئتىكى 6178 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىمام "ئامىن" دېسە سىلەرمۇ "ئامىن" دەڭلار، كىمكى ئۇنىڭ ئامىن دېيىشى پەرىشتىلەرنىڭ "ئامىن" دېيىشىگە مۇۋاپىق كەلسە ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 395 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مۇشۇ تاھارەتكە ئوخشاش تاھارەت ئالسا ئۇنىڭدىن كېيىن مەسجىدكە كېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ ئولتۇرسا ئۇ كىشى نىڭ ئىلگىر قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، (بۇ ئىشتىن) مەغرۇرلىنىپ كەتمەڭلار.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى 6174 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىمام سەمى ئاللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە سىلەر "ئاللاھۇممە رەببەنا ۋەلەكەل ھەمدۇ" دەڭلەر، كىمكى ئۇنىڭ سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىگە ئۇدۇل كېلىپ قالسا ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى 705 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

1 ـ تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىشنى ئۇنتىماڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى تاماق يەپ ئۇنىڭدىن كېيىن ”ئەلھەمدۇ لىللاھىل لەزى ئەتئەمەنى ھازات تائام، ۋەرەزەقەنى ھى مىن غەيرى ھەۋلىن مىننى ۋەلا قۇۋۋەتە“ دېسە ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ۋە كىمكى كىيىم كىيىپ ”ئەلھەمدۇ لىللاھىل لەزى كەسانى ھازا ۋەرەزەقەنى ھى مىن غەيرى ھەۋلىن مىننى ۋەلا قۇۋۋەتە“ دېسە ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان ۋە كېيىن قىلىدىغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 6087 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

4 ـ رامىزان ئېيىدا كۆپ دۇئانى قىلىشنى ئۇنتىماڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى رامىزان ئېيىدا (اللّٰه غا) ئىمان ئېيتىپ ۋە (اللّٰه دىن) ساۋاب ئۈمىد قىلىپ روزا تۇتسا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **6326** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«كىمكى رامىزان ئېيىدا الله تائالاغا ئىمان ئېيتىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئەجرى ئۈمىد قىلىپ قىيامدا تۇرسا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **6440** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قەدىر كېچىسى الله قا ئىمان كەلتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭدىن ئەجرى ئۈمىد قىلىپ تۇرسا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جا مىئتىكى **6441** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**6** ـ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلدۇرغۇچى كەلىمە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى (سۇبھانالLاھى ۋە بىھەمدىھى) نى كۈنىگە **100** قېتىمدىن دېسە ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك بولسىمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6431** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**7** ـ ئەرەفات كۈنىسدە روزا تۇتۇشنى ئۇنتىماڭ

ئەرەفات كۈنىسدە روزا تۇتۇش ئىككى يىللىق گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەرەفات كۈنىسدىكى روزا ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى يىلنىڭ گۇناھلىرىغا كەففارەت بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3805** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**9** ـ ئاشۇرا كۈنىسدە روزا تۇتۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاشۇرا كۈنىسدىكى روزا ئىلگىرىكى بىر يىللىق گۇناھلارغا كەففارەت بولىدۇ».

**9** ـ اللە نىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىش ھەرىكەتلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«(تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغان مۇسۇلمان كىشىلەرگە) سالام قىلىش، ۋە چىرايلىق گەپ سۆزلەر مەغپىرەت قىلىشنى ۋاجىپ قىلىدىغان (اللە نىڭ گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان) ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر».

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى 2232 - نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

10 - مۈلك سۈرىسىنى ئوقۇشنى ئادەت قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قۇرئاندا 30 ئايەتلىك سۈرىدىن بىرسى بار بولۇپ (ئۇ سۈرە ئۇنى ئوقۇغان) ئادەم ئۇچۈن گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنغۇچە شاپائەت قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ "تابارەك ئەللەزى بىيەدىھىل مۈلك" دۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 2091 - نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

11 - گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلدىغان كەلىمىلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلدىغان سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟ گۇناھلىرىڭلار كەچۈرۈم قىلىنغان بولسىمۇ (بۇنى دەڭلەر) "بۈيۈك ۋە كاتتا الله دىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ھېكمەتلىك ئىشقىلغۇچى ۋە كەرەملىك الله دىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، يەتتە ئاسماننى ۋە كاتتا ئەرشنىڭ رەببى بولغان الله نى پاك دەپ ياد قىلىمەن، بارلىق ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا ھەمدۇسانالەر بولسۇن"».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

www.munber.org

سەھىھۇل جامىئتىكى **2621** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**12** ـ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە كەڭ قورساق بولۇشنى ئۈنتىماڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىلىم ـ سېتىمدا (باشقىلەرگە چىرايلىق مۇئامىلە قىلغان ۋە ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) ئادەمنىڭ گۇناھىنى الله تائالا كەچۈرۈم قىلغان».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **4162** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**13** ـ ھايۋانلارغا مېھرىبانلىق قىلىشمۇ ئىنساننىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئۇسسۇزلۇقتا قېلىپ تىلىنى چىقىرىپ ھاياتىدىن ئايرىلغىلى قوپقان ئىتنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئايال كىشى، ئۆتۈكىنى سېلىپ ياغلىقى بىلەن چىگىپ سۇ تارتىپ (ئىتنى سۇغارغانلىقى سەۋەبىدىن) گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم يولدا كېتىۋېپ قاتتىق ئۇسسۇزلۇق تۇتتى، بىر قۇدۇق تېپىپ ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ سۇغا قېنىپ قۇدۇقتىن يېنىپ چىقىپ قۇدۇق سىرتىدە ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىنى ساڭگۇلىتىپ تۇرغان بىر ئىتنى كۆردى ۋە ئۆزىگە ماڭا

www.munber.org

يەتكەن ئۈسسۈزلۈق بۇ ئىتكمۇ يېتىپتۇ دەپ قۇدۇقتا قايتا چۈشۈپ ئۆتۈكىنى سۇغا تولدۇرۇپ ئۇنى ئاغزىدا چىشلاپ تۇرۇپ قۇدۇق ئۈستىگە ئۆرلەپ چىقىپ ئۇ ئىتنى سۇغاردى، الله تائالا ئۇ كىشىگە تەشەككۈر بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭ ھۆل تۇرىۋاتقان بارلىق جىگەرنىڭ بارابىرىگە كەچۈرۈم قىلدى (بارلىق ھاياتلىقنىڭ سانىنىڭ بارابىرىگە ئۇ ئادەم ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلدى)».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **2873** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**14** ـ تاھارەت ئالغان ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشمۇ گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«قانداق ئىنسان گۇناھ قىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشى (مۇكەممەل) تاھارەت ئېلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ الله تائالادىن يۇقىرىقى گۇناھى ئۈچۈن كەچۈرۈم تەلەپ قىلسا الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرنى كەچۈرۈم قىلىدۇ.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **5738** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

«قانداق ئىنسان تاھارەتنى چىرايلىق ئېلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ قەلبى ۋە يۈزىنى بىلەن (ھەقىقىي ھالەتتە الله تائالاغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ) ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ قىلىنىپ ئۇنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **5802** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

### **15** ـ جۈمە نامىزغا ئەھمىيەت بېرىشنى ئۇنتىماڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى جۈمە كۈنىسىدە چىرايلىق (مۇكەممەل) غۇسلى قىلىپ ۋە پاك پاكىز تارىنىپ، ۋە ئەڭ گۈزەل كىيىملىرىنى كىيىپ، الله ياراتقان خۇشبۇيىنى (بەدىنىگە) سۈركەپ، ياكى ئۆزىنىڭ ئەھلىنىڭ ياغلىرىدا ياغلىنىپ ئۇنىڭدىن كېيىن مەسجىدكە كېلىپ (ھېچقانداق ئىش بىلەن) بىكارچى ئىش قىلماي ۋە ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى ئايرىلماي (سەپ ئاتلاپ يۈرمەي، سەپنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئاقلىسا بۇ ئۇنىڭ سىرتىدە) الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ بۇ جۈمە بىلەن ئۆتكەن جۈمە ئوتتۇرىسىدىكى گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **6064** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

### **16** ـ تەسبىھ نامىزى

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئى ئاببا‌س تاغا! ساڭا بىر نەرسە بېرەيمۇ؟ ساڭا بىر نەرسە ھەدىيە قىلايمۇ؟ ساڭا بىر نەرسە ياخشى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ساڭا سەن ئۇنى قىلساڭ ئاللاھ تائالا سېنىڭ ئىلگىركى ۋە كېيىنكى ۋە كونا يېڭى ۋە چوڭ ـ كىچىك، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈم قىلىدىغان ئۇ ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ قويايمۇ؟ (ئۇ ئۇ ئادەت بولسا) تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيسەن، ھەر رەكئەتتە فاتىھەنى ۋە يەنە بىر سۈرىنى ئوقۇيسەن، بىرىنچى رەكئەتتە قىرائەتتىن پارىغ بولغاندىن كېيىن سەن ئۆرە تۇرغان ھالەتتە تۇرۇپ ”سۇبھانەللاھى ۋەل ھەمدۇ لىللاھى ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر“ نى 15 قېتىم دەيسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇكۇ قىلىپ رۇكۇدىمۇ يۇقىرىقى سۆزنى 10 قېتىم دەيسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇكۇدىن باش كۆتۈرۈپ تۇرۇپ 10 قېتىم دەيسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سەجدىگە باش قويۇپ سەجدىدىمۇ 10 قېتىم دەيسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ 10 قېتىم دەيسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سەجدىگە بېرىپ سەجدىدە 10 قېتىم دەيسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ يەنە 10 قېتىم دەيسە، ھەر رەكئەتتە 75 قېتىم بولىدۇ، بۇنى تۆت رەكئەتتە تولۇق قىلىسەن. (ئەگەردە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك قىلساڭ) سېنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپىكلىرىدەك، ۋە ياكى كۆپ قۇمدەك گۇناھلىرىڭ بولسىمۇ ئاللاھ تائالا گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، ئەگەردە سەن (يۇقىرىقى نامازنى) ھەر كۈندە ئوقۇشقا قادىر بولالىساڭ كۈندە ئوقۇغىن، ئەگەردە

www.munber.org

ئۇنـداق قىلالمىسـاڭ ھـەر ھەپـتىدە بىـر قېـتىم ئوقۇغـىن، ئەگـەردە ھـەر ھەپـتىدە ئوقالمىسـاڭ ئـايدا بىـر قېـتىم ئوقۇغـىن، ئـايدا بىـر قېـتىم ئوقالمىسـاڭ يىلـدا بىـر قېـتىم ئوقۇغـىن، يىلـدا بىـر قېـتىممۇ ئـادا قىلالمىسـاڭ ئـۆمرۈڭ ئىچىـدە بىـر قېـتىم ئـادا قىلغىن».

ئىزاھـات: تەسـبىھ نـامىزى توغـرۇلۇق كەلگـەن ھەدىسـلەر كـۆپ بولسـىمۇ ھەدىسشۇناسـلار ئـۇ ھەدىسـلەرنى مـەۋزۇ يـاكى قـاتتىق زەئىـپ ھـەدىس دەپ قارغـان، ھەدىسشـۇناس ئـەلبانى بـۇ ھەدىسـنى سـەھىھ دەپ قارغـان بولسـىمۇ ئۇنىڭدىـن باشـقا كۆپىـۈنچى ھەدىسشۇناسـلار بـۇ توغـرىدا كەلگـەن ھەدىسـلەرنى مـەۋزۇئ زەئىـپ دەپ قـاراپ تەسـبىھ نـامىزى ئوقۇشـنى بىدئـەت دەپ قارغـان. ھـەتتا تـۆت مەزھەپـنىڭ پېشـۋالىرىمۇ ئـۆزىنىڭ ئەسـەرلىرىدە تەسـبىھ نـامىزى توغرىسـىدا توختالمىغـان، ئىمـام ئەھمـەد يۇقـىرىقى ھەدىسـنى زەئىـپ دەپ قارغـان، ئىبـنى تەيمىيـە، ئىبـنى ئـەل قـەييۇم، ئىبـنى بـاز، ئىبـنى ئۇسـەيمىن، سـالىھ پـەۋزانلار تەسـبىھ نـامىزى ئوقۇشـنى توغـرا ئەمـەس دەپ قـارايدۇ، (ئىككـى ھـەرەم ئۆلىمـالىرى فـەتىۋالىرى پۈتلىمىگـە قاراڭ)

ئىسـلام دىـنىدا سـەھىھ دەپ قـارىلىپ كېلىنىۋاتقـان تەھەججۇد نامىزىغا ئوخشاش نامازلار شۇنچە كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنـداق تـالاش تارتىشـلىك نامازلـەردىن يىـراق بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## 17 ـ الله نى زىكىر قىلىشنى ئۇنتىماڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

«اللّٰه تائالانىڭ كىشىلەرنىڭ نامى ئەئماللىرنى يازىدىغان پەرىشتىلەردىن سىرت زېمىننى چۆگىلەپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى بار، (ئۇلار) يوللاردا چۆگىلەپ يۈرۈپ اللّٰه نى زىكىر قىلغۇچىلەرنى ئىزدەيدۇ، اللّٰه نى زىكىر قىلىۋاتقان بىرە قەۋمنى تاپقاندا (بىرسى ـ بىرسىگە خەۋەر قىلىشىپ) بۇ يەرگە كېلىڭلار دېيىشىدۇ، ئۇلار قاناتلىرى بىلەن دۇنيا ئاسمىنىنى ئۇرشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچى اللّٰه ئۇلاردىن مېنىڭ بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ دەپ سورايدۇ؟ پەرىشتىلەر ساڭا تەسبىھ ئوقۇۋاتىدۇ، ساڭا تەكبىر ئوقۇۋاتىدۇ، ساڭا ھەمدى ئوقۇۋاتىدۇ، سېنى كاتتىلاۋاتىدۇ دەيدۇ، اللّٰه تائالا پەرىشتىلەردىن ئۇلار مېنى كۆرگەنمۇ؟ دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر: اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى ياق ئى رەببىمىز! دەيدۇ. اللّٰه تائالا ئەگەردە ئۇلار مېنى كۆرسە قانداق قىلاتتى؟ دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر ئەگەردە ئۇلار سېنى كۆرگەن بولسا تېخىمۇ قاتتىقراق ساڭا ئىبادەت قىلغان ۋە سېنى كاتتىلىغان، ۋە ساڭا مادھىيىلەرنى ئوقۇغان بولاتتى دېيىشىدۇ، اللّٰه تائالا ئۇلار نېمىنى تەلەپ قىلىدىكەن؟ دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر جەننەتنى تەلەپ قىلىدىغان دەپ جاۋاب بېرىدۇ، اللّٰه تائالا ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟ دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر ياق ئى رابىمىز! دېيىشىدۇ، اللّٰه تائالا ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا قانداق قىلاتتى دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا تېخىمۇ قاتتىقراق ھېرىسمەن بولۇپ تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇنىڭغا قىزىققان بولاتتى دەيدۇ، اللّٰه تائالا ئۇلار نېمىدىن پانا تەلەپ قىلىدىكەن دەپ

www.munber.org

سورايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلار دوزاختىن پاناھ تەلەپ قىلدىغان دەيدۇ، اللہ تائالا ئۇلار دوزاخنى كۆرگەنمۇ؟ دەپ سورايدۇ، پەرىشتىلەر ياق ئى رەببىمىز! دېيىشىدۇ. اللہ تائالا ئەگەردە ئۇلار دوزاخنى كۆرگەن بولسا قانداق قىلاتتى؟ دەيدۇ، پەرىشتىلەر ئەگەردە ئۇلار ئۇنى كۆرگەن بولسا تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇنىڭدىن قېچىپ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قورققان بولاتتى دېيىشىدۇ. اللہ تائالا سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۇرۇم قىلدىم دەيدۇ. بىر پەرىشتە ئى رەببىم! پالانى ئاخۇن ئۇ مەجلىسكە ئۆزىنىڭ ھاجىتى ئۈچۈن كەلگەن دەيدۇ. اللہ تائالا ئۇلار بىلەن تۇرغان ئادەملەرنىڭ شەقىيسى يوقتۇر، دەيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھى ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **2173** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**18** ـ اللہ نىڭ گۇناھلارنى كەچۇرۇم قىلدىغانلىقىغا جەزمىيەت قىلىڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ كىمكى مېنىڭ گۇناھلارنى كەچۇرۇم قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىمنى بىلسە شېرىكلا كەلتۈرمىسە مەن ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماستىن ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۇرۇم قىلىمەن».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **4330** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

**19 ـ نامازدىن كېيىن زىكىر قىلىشنى ئۇنتۇماسلىق**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئى ئابازەر! ساڭا سېنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ( مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدىغان) سېنىڭ ئەمەلىڭنى ئىشلىگەن ئادەمدىن باشقا ئادەم سېنىڭ مەرتىۋەڭگە يېتەلمەيدىغان سۆزلەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم تەكبىر ئوقۇغىن، 33 قېتىم تەسبىھ ئوقۇغىن، 33 قېتىم ھەمدە ئوقۇغىن ۋە لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ لەھۇل مۇلكۇ ۋەلەھۇل ھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىر بىلەن تۈگەتكىن، كىمكى ئاشۇنى دېسە الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى دېڭىزنىڭ كۆپىكىلىرىدەك بولسىمۇ كەچۈرۈم قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 7821 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**20 ـ گۇناھلارنى مەغپىرە قىلغۇچى ۋە جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولغۇچى ئەمەل**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا تاغ چوققىسىدا قوي بېقىپ نامازغا ئەزان ئوقۇپ ناماز ئوقۇغۇچىدىن ئەجەبلىنىدۇ ۋە مەندىن قورقۇپ ئەزان ئوقۇپ ناماز ئوقۇۋاتقان بۇ بەندەمگە قاراڭلار، مەن بەندەمنى كەچۈردۈم ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن».

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 8102 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**21 ـ سەييىدۇل ئىستىغفارنى ئوقۇشنى ئۇنتىماڭ**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سەييىدۇل ئىستىغفارغا سىلەرنى باشلاپ قويمايمۇ؟ (ئۇ بولسا) ئى الله سەن مېنىڭ رەببىم! سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن كۈچۈم يەتكەن مىقدارى سېنىڭ ئەھدەڭ ۋە ساڭا بەرگەن ۋەدەمدە تۇرمەن، مەن قىلىپ سالغان ئىشلاردىن سەندىن پاناھ تىلەيمەن، ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈم قىلغىن، سەندىن باشقا گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلغۇچى يوقتۇر.

كىمكى ئۇنى كەچتە دەپ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتسە ئۇ ئادەم ئۇچۇن جەننەت ۋاجىب بولىدۇ، كىمكى سەھەردە ئۇنى ئوقۇپ كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتسە ئۇ ئادەمگە جەننەت ۋاجىب بولىدۇ.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 2612 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**22 ـ يولدىن ئەزىيەتنى يوقىتىشمۇ گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

«بىر ئادەم يولدە كېتىۋېتىپ يولدا بىر تىكەننى تېپىۋېلىپ ئۇنى يولدىن يىراق قىلدى، الله تائالا ئۇ كىشىگە تەشەككۈر بىلدۈردى ۋە گۇناھلىرنى كەچۈرۈم قىلدى».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **2874** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**22** ـ كىچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىردە ئىستىغفار ئوقۇشنى ئۆتىنماڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن؛

«كىچىنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ياكى ئۈچتىن بىرى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن الله تائالا بىرىنچى ئاسمانغا چۈشۈپ تاڭ ئاتقۇچە ”مەندىن بىر نەرسە سورايدىغانلار بولسا مەن بېرىمەن، ماڭا دۇئا قىلغۇچىلار بولسا مەن دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىمەن، مەندىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلغۇچىلەر بولسا گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىمەن، دەيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **802** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**24** ـ الله يولىدا شېھىت بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله يولىدا شېھىت بولغان ئادەمنىڭ قەرزىدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ».



www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 8119 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

«پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بىغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بىغىشلىغۇچىسەن».

ئالى ئىمران سۈرىسى 8 ـ ئايەت

www.munber.org

## ئەدەب ئەخلاقنىڭ ساۋابى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ ياخشىراقلىڭلار ياشتا چوڭ ۋە ئەخلاقى ياخشى كىشىلەردۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئىتكى 3262 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ماڭا ياخشى كۆرۈلىدىغانلىرىڭلار ئەخلاقى ياخشىلىرىڭلار».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئىتكى 2200 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿چوقۇم سەن بۈيۈك ئەخلاقلىقتۇرسەن﴾ [سۈرە نۇن 4 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىنسان چىرايلىق ئەخلاق بىلەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ كېچىسى قىيامدا تۇرغاننىڭ ئەجرىنى ئەلۋەتتە تاپالايدۇ»

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

www.munber.org

ســـــەھىھۇل جـــــامىئتىكى 1620 ـ نومۇرلـــــۇق ھەدىســـــكە قاراڭ.

1 ـ ئاتا ئانىگە ياخشىلىق قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

ئەمەللــەرنىڭ ئــاڭ ئــەۋزەلرەكى نامــازنى ئــۆز ۋاقــتىدا ئوقــۇش، ئاتا ـ ئانىگە ياخشىلىق قىلىش، اللە يولىدا جىھاد قىلىش.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســـــەھىھۇل جـــــامىئتىكى 1095 ـ نومۇرلـــــۇق ھەدىســـــكە قاراڭ.

يەنە بىر ھەدىستە

«بىــر ئــادەم پــەيغەمبەر ئەلەيھىســـسالامنىڭ قىشــغا كــېلىپ اللە يولــــدا جىھــاد قىلـــش توغرىســــدا رۇخســـەت ســـورىغاندا، پــەيغەمبەر ئەلەيھىســـسالام ئــادا ئانــاڭ ھايــاتمۇ؟ دەپ ســـورىدى، ئــۇ ئــادەم ھەئــە دەپ دېــدى. پــەيغەمبەر ئەلەيھىســـسالام ئاتــا ئانــاڭ توغرىســـدا جىھــاد قىــل (ئۇلارنــڭ خــزمىتىنى قىلــش بىلەن)».

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

2 ـ ئــۇرۇغ تۇغقــانلارنى يوقــلاش ۋە ياخشــى ئــەخلاق ۋە ياخشى قوشنىدارچىلىق توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

www.munber.org

ئـــۈرۈغ تۇغقـــانلارنى يوقـــلاش ۋە ئـــەدەب ـ ئـــەخلاقلىق بولـــۇش، ياخشـــى قوشـــنىدارچىلىق قىلىـــش يۇرتـــنى ئـــاۋات ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســـەھىھۇل جـــامىئتىكى 3767 ـ نومۇرلـــۇق ھەدىســـكە قاراڭ.

**3** ـ يېتىملەرگـــە كېپـــىل بولـــۇش ۋە ئۇلارغـــا نەپـــىقە بېرىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئـــۆزىنىڭ يېتىمىگـــە (ئـــەرنىڭ يـــاكى ئايـــالنىڭ ۋاپـــات بولۇشـــى بىلـــەن) يـــاكى باشـــقىلەرنىڭ يېتىمىگـــە (يـــات مۇسـۇلمان ئـــەر ئايـــالنىڭ ۋاپـــات بولۇشـــى بىلـــەن) كېپـــىل بولغۇچـــى بىلـــەن مـــەن جەننەتتـــە مۇشـــۇنىڭغا ئوخشـــاش، پـــەيغەمبەر ئەلەيھىسســـالام كۆرســـەتكۈچ بـــارمىقى بىلـــەن ئوتـــتۇرا بـــارمىقىنى ئىشارەت قىلدى.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســـەھىھۇل جـــامىئتىكى 4448 ـ نومۇرلـــۇق ھەدىســگـــە قاراڭ.

**4** ـ تـــول ئايـــال ۋە مىســـكىنلەرنىڭ خىـــزمىتىنى قىلغۇچىلارنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

تـــول خۇتـــۇن ۋە مســـــكىنلەرنىڭ خـــــزمىتى ئۈچـــۈن ھەرىكـەت قىلغـانلار الله يولـدا جىھـاد قىلغانلارغـا ئوخشاشـتۇر، يـاكى كېچىســى قىيـامدا تـۇرۇپ كۈنـدۈزى روزا تۇتقـانلاردا ئوخشاشتۇر.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســـەھىھۇل جـــامىئىكى 3680 ـ نومۇرلـــۇق ھەدىســـكە قاراڭ.

**5** ـ مۇســـۇلماننىڭ بېشـــىغا كەلگـــەن مۇســـىبەتنى كۆتۈرۈۋېتىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكــى بىــر مۇســۇلماندىن بىــرە خاپىلىقنى كۆتۈرىۋاتسا الله تائـالا شـۇ ئىشـىنىڭ سـەۋەبى بىلـەن قىيامـەت كۈنىسـىنىڭ مۇسـىبەتلىرىدىن بىـر مۇسـىبەتنى كـۆتۈرىۋاتىدۇ، كىمكـى بىـر مۇسـۇلماننىڭ بىـرە ئېيىبىـنى يۇگىسـە الله تائـالا ئـۇ ئىشـىنىڭ سەۋەبىدىن قىيامەتنىڭ ئىشلىرىدىن بىرنى يۇگەيدۇ.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســـەھىھۇل جـــامىئىكى 6707 ـ نومۇرلـــۇق ھەدىســـكە قاراڭ.

**6** ـ مۇســۇلماننىڭ كــۆڭلىنى خــۇش قىلىشــنىڭ پــەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

«مۆئمىن كىشىنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىۋېتىش، ھاجىتىنى رىۋايەت قىلىش بىلەن ئۇنى خۇش قىلىش ئەۋزەل ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىندۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى 5897 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

7 ـ كېسەل يوقلاشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى يوقلىسا جەننەتنىڭ پارچىلىرىدىن بىردە ماڭغان بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرسا رەھمەت ئۇ ئادەمنى قورشىۋالىدۇ، ئەگەر (كېسەل يولىغان ۋاقتى) سەھەردە بولسا كەچ كىرگۈچە 70 پەرىشتە ئۇ ئادەم ئۈچۈن رەھمەت ئوقۇيدۇ، ئەگەر كەچتە يوقلىغان بولسا 70 پەرىشتە ئۇ ئادەم ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇچە رەھمەت ئوقۇيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 682 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

8 ـ الله توغرىسىدا دوستلىشىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھېچقانداق سايا يوق كۈنىسىدە الله تائالانىڭ سايىسىدا سايىدايدىغان يەتتە تۈرلۈك ئادەم بار، ئادىل ئىمام، الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن چوڭ بولغان ياش،

www.munber.org

مەسـجىدتىن چىقسـا قايتـا مەسـجىدكە قـەلبى ئىسـلىغلىق كىشـى، الله يولـدا بىـر يەرگـە جوغلىشـىپ الله يولـدا ئـايرىلىپ كـەتكۈچى ئىككـى ئـادەم ۋە الله نـى ھـېچكىم يـوق يـەردە يـاد ئېـتىپ يـاش توككۇچـى ئـادەم، چـىرايلىق ۋە مەنسەپـدار ئايـال يامـان ئىشـقا چاقىرغـاندا مـەن الله دىـن قورقىمـەن دەپ (يامـان ئىشـتىن يىـراق بولغۇچـى)، ئـوڭ قولـى قىلغـان سـەدىقىنى سـول قولـى بىلمىگـۈدەك ھالەتتـە مەخپـي سەدىقە قىلغۇچى كىشى».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3603** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام يەنـە بىـر ھەدىسـتە مۇنـداق دىگەن:

«الله تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: مېنىـڭ مۇھـەببىتىم مـەن توغرىسـىدا دوستلاشـقۇچىلارغا بولـىدۇ، مـەن توغرىسـىدا ئـۆز ئـارا ئالاقـە قىلىشـقۇچىلارغا بولـىدۇ. مـەن توغرىسـىدا نەسـىھەت قىلىشـقۇچىلارغا بولـىدۇ. مېنىـڭ سـەۋەبىمدىن بىرسـى بىرسـىنى يوقلىغۇچىلارغـا بولـىدۇ، مـەن ئۈچـۈن پـۇل ـ ماللىرىنى سـەرپ قىلغۇچىلارغـا بولـىدۇ، مـەن توغرىسـىدا دوسـلاشـقۇچىلار پـەيغەمبەرلەر سـىددىقلەر ۋە شـېھىتلەر بـار مۇنبەردە (ئورۇندا) بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **4321** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**9** ـ ئۆزىنى كەمچىل تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى الله ئۈچۈن ئۆزىنى كەمچىل تۇتسا الله ئۇ كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **6162** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**10** ـ مۇلايىق بولۇش ۋە ئاچچىقنى يوتۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

كىمكى ئاچچىقنى ئىجرا قىلىشقا قادىر تۇرۇپ يۇتسا ئۇنىڭ ئۆزى تاللىغان ھۆرۇل ئەينىلەردىن نىكاھىغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن الله تائالا ئۇنى ھەممە كىشىلەردىن بۇرۇن چاقىرىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6522** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**11** ـ مېھماننى ھۆرمەتلەشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى الله تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنسە مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن، مېھماننى كۈتۈش بىر كېچە كۈندۈز بولىدۇ، مېھمانغا زىياپەت بېرىش ئۈچ كۈن بولىدۇ،

www.munber.org

ئۆنىڭدىن كېيىنكىسى سەدىقە بولىدۇ، ئۇي ئىگىسى ئۆيدىن قوغلىغۇچە بېقىۋېلىش ھالال بولمايدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئىتىكى **6502** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**12** ـ ھەرقانداق ئىشتا مۇلايىم بولۇشنىڭ ئەۋزەللىكى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا بىرە ئۆي ئەھلىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇلارغا مېھرىبانلىقنى كىرگۈزىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئىتىكى **303** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**13** ـ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشنىڭ يامانلىقى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ غەيۋىتىدىن يىراق بولسا الله تائالانىڭ ئۇ كىشىنى دوزاختىن ئازاد قىلىۋېتىشى ھەق بولدى».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئىتىكى **6240** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

**14** ـ مۇسۇلمانلار ئۇتتۇرىسىدا سالاملىشىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«قانداقلا ئىككى مۇسۇلمان ئۇچرىشىپ بىرسى بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ سالاملاشسا، الله تائالا ئۇ ئىككى كىشىنى ماختايدۇ، ھەمدە ئۇ ئىككىلىسى ئايرىلىپ كەتكەندە ھېچقانداق گۇناھى قالمايدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **2741** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىككى مۇسۇلمان ئۇچرىشىپ الله ئۈچۈنلا بىرسى بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ سالام قىلىشىدىكەن بۇلار ئايرىلغان ۋاقىتتا گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنماي قالمايدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **5778** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**15** ـ ياخشى سۆز قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن:

«ياخشى سۆز سەدىقەدۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **4528** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«دوزاختىن يېرىم تال خورما بىلەن بولسىمۇ ساقلىنىڭلار، ئەگەردە ئۇنى تاپالمىساڭلار چىرايلىق سۆز بىلەن بولسىمۇ ساقلىنىڭلار».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **115** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**16** ـ ئىلىم ـ سېتىمدا كەچ قورساق بولۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن

«(بىر نەرسە) ساتقاندا ئالغاندا قەرز ئالغاندا قەرز ئادا قىلغاندا كەچ قورساقلىق قىلغان كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3495** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىر ئادەم كىشىلەرگە قەرز بېرەتتى ۋە ئۆزىنىڭ خىزمەتكارىغا قىسىلىپ قالغان كىشىلەر كەلسە ئۇلاردىن (قەرزنى) كۆتۈرۈۋەت، الله تائالا بىزنىڭ سەۋەبىدىن بىزدىنمۇ كۆتۈرىۋاتسا ئەجەب ئەمەس دەيتتى، ئۇ كىشى الله قا ئۇچرىغاندا (ھاياتىدىن ئايرىلىپ ئۇ دۇنياغا بارغاندا) الله تائالا ئۇ كىشىدىنمۇ ئۆتتۈۋەتكەن (گۇناھلىرنى كەچۈرۈم قىلغان)».

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **4454** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىشىلەرگە يېقىن مۇلايىم (ھەرقانداق ئىشلارنى) ئاسان قىلىپ بەرگۈچى كىشىگە دوزاخ ھارام قىلىندى».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3135** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

## 17 ـ تىلنى ساقلاش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تىللىرى سەۋەبىدىن دوزاخقا ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرى بىلەن يىقىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **5136** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

## 18 ـ مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھەسەت قىلىشماڭلار، غەيۋەت قىلىشماڭلار، ئاچچىقلاشماڭلار، ھىيلە ـ مىكىر پىلانلاشماڭلار، بىرسى بىرىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلىشماڭلار، اللە نىڭ بىر تۇغقان بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى بولۇپ ئۇلار بىرسى بىرىنى مەسخىرە قىلىشمايدۇ، بىرسى بىرىنى ھاقارەت قىلىشمايدۇ، تەقۋالىق بۇيەردە بولىدۇ،

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئىشارەت قىلدى، ئىنسانىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەت قىلغانلىقى ئۇ كىشىنىڭ ئەسكى ئىنسان ئىكەنلىكىگە يېتەرلىكدۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى، مېلى يۈز ئابرۇيى بىرسى ـ بىرسىگە ھارامدۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 7242 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلماننىڭ سوقۇششى كۇپۇرلۇقتۇر، ئۇنىڭ تىللىششى پاسىقلىقتۇر، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 4359 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى بىر يىل تاشلىۋاتسا ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەنگە ئوخشاشتۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 6581 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن بۇنى (ئاسمان ـ زېمىن) بىكارغا ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسە، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ) رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار دەپ ئىمانغا چاقىرغىنىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (يەنى ئىتائەت قىلغانلارغا خاس بولغان جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن، سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن﴾

[سۈرە ئال ئىمران 192 ـ 194 ـ ئايەتكىچە]

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەردە سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾ [سۈرە ئەئراف 23 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

www.munber.org

## بەش ۋاقىت نامازنى مۇھاپىزەت قىلىش، ۋە جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا

ناماز ئوقۇمىغۇچىنىڭ ھۆكمى

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ناماز ئوقۇڭلار، كاپىرلاردىن بولماڭلار﴾ [سۈرە رۇم 31 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمان بىلەن كاپىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازدۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 2848 - نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توختام نامازدۇر، كىمكى نامازنى تەرك ئەتسە كاپىر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 4143 - نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

## نامازغا ھۇرۇنلۇق قىلىش مۇناپىقلەرنىڭ سۈپىتىدۇر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئـۇلار (مۇناپـىقلار) نامازغـا ھۇرۇنلـۇق بىلــەن كــېلىدۇ﴾ [سۈرە تەۋبە 54 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿شۈبھىســـــىزكى، مۇناپـــــىقلار الله نـــــى ئالدىمـــــاقچى بولۇشـــدۇ، الله تائــالا ئۇلارنــىڭ ئالدامچىلىقىغــا يارىشــا جــازا بېــرىدۇ، ئـۇلار نامــاز ئۇچـۈن تۇرغــاندا خــوش ياقماسـلىق بىلـەن تۇرىـــدۇ (ســاۋاب ئۈمىــد قىلمــايدۇ) (نامــازنى) كىشىلەرگــە كۆرســـىتىش ئۈچــۈن ئوقۇيــدۇ، (يــەنى رىياكــارلىق قىلىــدۇ) الله نى پەقەت ئازغىنا ياد ئېتىدۇ﴾ [سۈرە نىسا 142 ـ ئايەت].

www.munber.org

## ئەسىر نامىزىنى قازا قىلىشنىڭ يامانلىقى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەسىر نامىزىنى ئۆتكۈزىۋەتكەن كىشى ئۆزىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىدىن ۋە مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 5491 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەسىر نامىزىنى تەرك ئەتسە ئۇنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتى».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 6146 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

### ئىزاھات

بۇيەردە ئەسىر نامىزىنىڭ خاس قىلىنىشتىكى سەۋەب ئىنسانلارنىڭ نامى ئەمەللىرىنى يازىدىغان پەرىشتىلەر ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا ئالمىشىش ئۈچۈن كېچە كۈندۈز پەرىشتىلىرى ئەسىر نامىزىدا جۇغلىشىدۇ.

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب (الله ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ساھابىلىرىغا چۈش كۆردىڭلارمۇ دەپ كۆپ

www.munber.org

سـورايتتى، پـەيغەمبەر ئەلەيهسسـالام بـر چۈشـلۇكتە كـېچىدە مېنىـڭ قىشـىمغا ئىككـى چـاقىرغۇچى كـەلدى، ئـۇلار ماڭـا بـز بىلـەن يـۈرۈڭ دېـدى، مـەن ئۇلار بىلـەن بىرگـە مـاڭدىم، بـز بـر يېـتىغلىق كىشـى قېشـىغا كـەلدۇق، ئۇنىـڭ بېشـىغا بىرسـى چـوڭ بـر تـاش بىلـەن ئۇراتـتى، ئـۇ تـاش ئۇنىـڭ بېشـى يـانچىلىپ يىراققـا كېتـەتتى، (تـاش بىلـەن ئۇرغۇچـى تاشـنى ئـەكېلىپ بولغۇچـە ئـۇ كىشـىنىڭ بېشـى ئەسـلى ھالىتىگـە كـېلىپ بولاتـتى، مۇشـۇنىڭغا ئوخشـاش ئـش داۋام قىلاتـتى، مـەن سـۇبھا نـاللاھ! نېمـە ئـش بـۇ: دېـدىم، ئـۇ ئىككىسـى بۇنىـڭ خـەۋىرنى بـز دەپ بـېـرەيلى! تـاش بىلـەن بېشـى ئـزلىپ كېـتىۋاتقۇچى كىشـى بولسـا قۇرئـان نـى ئېلىـپ ئۇنـى رەت قىلاتـتى، ۋە پـەرز نامازلاردىن ئۇخلايتتى.

بـۇ ھـەدىس نـى بۇخـارى چـۈش تـەبىرلىرى بـابىدا رىۋايـەت قىلغان، ھەدىس نومۇرى **5804**.

www.munber.org

## جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن رۇكۇ قىلىڭلار﴾ [سۈرە بەقەرە 43 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەزاننى ئاڭلىغان ۋاقىتتا اللہ نىڭ چاقىرغۇچىسىغا ئىجابەت قىلغىن».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 609 - نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

ئەبى ھۇرەيرە (اللہ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر ئەئما ئادەم كېلىپ ئى اللہ نىڭ رەسۇلى! مېنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئاپىرىدىغان ئادەم يوق، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆيدە ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت سورىدى، پەيغەمبە ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە ئۆيدە ناماز ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى، ئۇ ئادەم قايىتئۋېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا چاقىرىلغان ئەزاننى ئاڭلامسەن؟ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم ھەئە دەپ جاۋاب بەردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداقتا نامازغا كېلىڭ دېدى.

ھەدىس نۇمۇرى 1357. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

www.munber.org

## تاھارەت ۋە نامازنىڭ ساۋابلىرى

**1** ـ تاھارەت ئېلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى تاھارەتنى اللە تائالا بۇيرۇغاندەك تولۇق ئالسا بەش ۋاقىت ناماز نامازلەر ئۆتتۈرىسىدىكى گۇناھلارغا كەففارەتتۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **5947** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**2** ـ مىسۋاك سىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قېلىشتىن قورقمىسام تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك سىلىشنى پەرز قىلغان بولاتتىم».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **5319** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مىسۋاك ئېغىزنى پاكلىغۇچىدۇر ۋە پەرۋەردىگارنى رازى قىلغۇچىدۇر».

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3695** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**3** ـ تاھارەتتىن كېيىن نەپلە ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

كىمكى تاھارەتنى ياخشى ئېلىپ ئىلىشماي ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا اللّٰه تائالا ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6165** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**4** ـ نامازغا مېڭىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ بىرڭلار تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىپ نامازغا چىقسا اللّٰه تائالا ئۇ كىشىنىڭ كۆتۈرگەن ئوڭ قەدىمىگە ياخشىلىق يازىدۇ، قويغان سول قەدىمىگە گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، يىراقتا بولۇڭلار، يېقىندا بولۇڭلار، ئەگەر مەسجىدكە كېلىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇسا ئۇ كىشىگە مەغپىرەت قىلىندى، ئەگەر مەسجىدكە كەلگەندە نامازنىڭ بەزىلىرى ئوقۇلۇپ بولغان بولسا، ئۇ كىشى نامازنىڭ ئاخىرىنى تولۇقلىغان بولسا، (ياكى) ئەگەر مەسجىدكە كەلگەندە ناماز تولۇق ئوقۇلۇپ بولۇپ ئۆزى يالغۇز نامازنى

www.munber.org

تولۇقلىغان بولسىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش (ئەجرىگە) ئېرىشىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 440 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

5 ـ بىرىنچى سەپتە ئۇلتۇرۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن؛

«كىشىلەر ئەزان ۋە بىرىنچى سەپتىكى (ئەجرىنىڭ كاتتىلىقىنى) بىلگەن بولسا چاك تاشلىشىش ئارقىلىق بولارغا ئېرىشىش مۇمكىن بولسا ئەلۋەتتە چاك تاشلىشاتتى».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 5339 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله شۈبھىسىزكى، الله تائالا ۋە پەرىشتىلەر بىرىنچى سەپكە رەھمەت ئوقۇيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 1839 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

6 ـ سەپنى تۈزلەشنىڭ ساۋابى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن؛

www.munber.org

«اللە نىڭ بەندىلىرى سەپنى تۈزلەڭلەر ياكى اللە تائالا سىلەرنىڭ يۈزۈڭلار ئوتتۇرىسىدا (قەلبلىرىڭلاردا) ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىپ قويىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3972** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**7** ـ قاراڭغۇدا مەسجىدكە مېڭىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇندق دېگەن:

«قاراڭغۇلۇقتا مەسجىدكە ماڭغۇچىلارغا قىيامەت كۈنىسىدىكى تولۇق نۇر بىلەن خۇش مۇبارەك بولسۇن».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **2823** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**8** ـ ناماز كۈتۈشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ اللە تائالا گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلىدىغان ۋە مەرتىۋەڭلەرنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئىشقا باشلاپ قويمايمۇ؟ تاھارەتنى تولۇق ئېلىش، مەسجىدكە كۆپ قەدەم ئېلىش، نامازدىن كېيىن نامازنى كۈتۈش، مانا ئاشۇ ئىشلار اللە يولىدا ئات باغلىغانلىقتۇر، ئات باغلىغانلىقتۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

www.munber.org

سەھىھۇل جامىئتىكى 2618 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

9 ـ پىشىن ئالدى ۋە كەيندىكى تۆت رەكئەت سۈننەتكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى پىشىن ئالدىدىكى ۋە كەيندىكى تۆت رەكئەت نامازنى مۇھاپىزەت قىلسا ئۇ كىشىگە دوزاخ ھارام قىلىنىدى».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 6195 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

10 ـ ئەسىر نامىزى ئالدىدىكى تۆت رەكئەت نەپلە نامازنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەسىر نامىزىدىن ئىلگىرى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇغان ئادەمگە الله رەھمەت قىلسۇن».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 3493 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

11 ـ نامازنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

كىمكى ئۇ ئون ئىككى رەكئەت سۈننەتتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ (تولۇق ئادا قىلسا) اللہ تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتىن بىر ئۆي بىنا قىلىدۇ. (ئۇ ئىككى رەكئەت سۈننەت بولسا) پېشىن ئالدىدىكى تۆت رەكئەت، ۋە پېشىن كەينىدىكى ئىككى رەكئەت، ناماز شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت، بامدات پەرزىدىن ئىلگىرىكى ئىككى رەكئەت».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6183** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

## 12 ـ كېچىدە ناماز ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە ناماز ئوقۇشنى كېسەل بولسىمۇ تاشلىمايتتى ئۇ ھەتتا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشتىن ھېرىپ قالغاندا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **4849** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كېچىدە ناماز ئوقۇغۇلار، كېچىدە ناماز ئوقۇش سىلەردىن ئىلگىرىكى ياخشى كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر ۋە اللہ تائالاغا يېقىنلاشتۇرغۇچى، گۇناھلاردىن توسقۇچى ۋە خاتالىقلارغا كەففارەتتۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى سەھىھ ھەدىس



www.munber.org

سەھىھۇل جامىئتىكى **4079** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**13** ـ كېچىدە ئوقالمىغان نامازنىڭ قازاسىنى قىلىش توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆزىنىڭ كۈندىلىك (قىلدىغان ئەمەلىدىن) ياكى ئۇنىڭ بەزى قىسمىدىن ئۇخلاپ قېلىپ بۇنى بامدات بىلەن پېشىن ئوتتۇرىسىدا ئوقۇغان بولسا الله تائالا ئۇ كىشىگە كېچىدە ئوقۇغاندەك ئەجرى يازىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6561** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿اللّٰه ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ) پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەت (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۇئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى اللّٰه نىڭ رەسۇلىنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستىڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە رۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)﴾ [سۈرە ئەھزاب 56 ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇيدىغان دۇرۇتنىڭ لەۋزى

«"ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا ئەلى مۇھەممەد كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىمە ۋەئەلا ئالى ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىد".

"ئاللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەدىن ۋە ئەلا، ئالى مۇھەممەد كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىمە ئىننەكە ھەمىدۇن مەجىد"».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **4416** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

www.munber.org

1 ـ ئوقۇغۇچىنىڭ مەرتىۋىسى ئۇنى ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدۇ

2 ـ ئۇن گۇناھى ئۆچۈرۈلدۇ

3 ـ ئۇن ياخشىلىق يېزىلىدۇ

4 ـ سەدىقەنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ

5 ـ قىيامەت كۈنىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شاپائەت قىلىدۇ.

6 ـ گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ

7 ـ الله نىڭ پەيغەمبەر "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇڭلار" دېگەن بۇيرىقىنى ئىجرا قىلغانلار دەرىجىسىگە يېتىدۇ.

8 ـ بىر قېتىم دۇرۇتنىڭ سەۋەبىدىن كۆپلەپ ئەجىرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

9 ـ قەلبنى راھەتلەندۈرىدۇ

10 ـ قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

11 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەنلىك نەمۇنىسى بولىدۇ.

﴾الله غا تەۋەككۇل قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، بىزنى زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە

www.munber.org

قىلمىغىــــن، بىــــزنى رەھمىتىـــڭ بىلــەن زالىـــم قــەۋمىدىن قۇتۇلدۇرغىن﴾ [سۈرە يۇنۇس 85 ـ 86 ـ ئايەتلەر]

www.munber.org

## ئالىم ۋە ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

اللّٰه تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلىم ئۆگىنىشكە ۋە ئۆگىتىشكە كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرگەن، بۇ توغرىسىدا كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ قىسقا رىسالىدە بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا بۇيەردە بۇ دەلىللەرنىڭ بەزىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3913** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**1** ـ ئىلىم ئىنساننىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىلىم ئىزدەپ يولماڭغان بولسا اللّٰه تائالا ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **62 98** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

2 ـ بىلىم ئۆگەتكۈچى ۋە ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى تىلەيدىغانلىقى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداي دېگەن:

«شۈبھىسىزكى ئىلىم ـ تەلەپ قىلغۇچى ئۈچۈن ھەممە نەرسە ئىستىغفار ئوقۇيدۇ، ھەتتاكى دېڭىزنىڭ تېگىدىكى بېلىقمۇ ئىستىغفار ئوقۇيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 3914 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچى ئۈچۈن ھەممە نەرسە ھاتتاكى دېڭىزنىڭ تېگىدىكى بېلىقمۇ ئىستىغفار ئوقۇيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 5883 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

3 ـ ئالىمنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئالىم كىشىنىڭ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىگە نىسبەتەن پەزىلىتى مېنىڭ سىلەرگە بولغان پەزىلىمگە ئوخشاش، اللە تائالا ۋە پەرىشتىلەر ۋە ئاسمان ئەھلى ۋە زېمىندىكىلەر، ھەتتاكى ئۆزىنىڭ ئۇۋۇسىدا تۇرۇۋاتقان

www.munber.org

چۈمۈلىمۇ ۋە (دېڭىز تېپىدىكى) بېلىقمۇ ياخشىلىقلىنى كىشىلەرگە ئۆگەتكۈچى ئۈچۈن رەھمەت ئوقۇيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **4213** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**4** ـ ئالىملەر پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسخورىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسخورلىرىدۇ، شۈبھىسىزكى پەيغەمبەرلەر دىنار ۋە تەڭگە مىراس قالدۇرمىغان، ئۇلار بىلىملا مىراس قالدۇرغاندۇر. كىمكى بىلىمنى ئالدىكەن تولۇق نەسىبە ئالغان بولىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6297** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**5** ـ ئالىمنىڭ ئىلمى كىشىلەر مەنپەئەتلەنگەن مىقدارى سەدىقە جارىيە ھېسابلىنىدۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ھەمبەلدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن دادامغا كىتاب يازىمەنمۇ ياكى كېچىدە تەھەججۇد ئوقۇيمەنمۇ؟ دېگەن ئىدىم دادام كىتاب ياز، چۈنكى ئىلمىنىڭ مەنپەئەتى باشقىلەرغا ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئەجرى كىشىلەر مەنپەئەتلەنگەن مىقدارى كۆپەيتىلىپ ھېسابلىنىپ ھاياتىڭدىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بېرىلىپ تۇرىدۇ، ئەمما تەھەججۇد بولسا ھايات ۋاقتىڭدىلا

www.munber.org

مەنپەئەتلىنەلەيسە ۋاپاتىدىن كېيىن بۇنىڭ ئەجرى توختايدۇ، دېدى.

www.munber.org

## قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى مۇھاپىزەت قىلىش

بىز يۇقىرىدا ساۋاب تېپىشنىڭ يوللىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق، ئەمدى بىز شۇ ساۋابنى قانداق قىلىپ قوغداپ قالالايمىز؟ بۇ توغرىسىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئىنسان قاچان بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدۇ، بۇنىڭ جاۋابىنى بىزلەر بىلمەيمىز شۇڭا ھەر بىر قىلغان ئەمەلىمىز بىزنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ياخشىلىقىمىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا قىلغان ھەر بىر چوڭ كىچىك ياخشى ئىشلىرىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىشىمىز ئۇنى بىكار قىلۇەتمەسلىكىمىز ھەممىدىن مۇھىم، ئۇنداقتا قىلغان ئىبادەتلەرنى قانداق مۇھاپىزەت قىلىمىز؟

بۇنىڭغا قىزىقسىز تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىڭ:

1 ـ ئەمەل ئىبادەتنى بىكارچى قىلىۋاتىدىغان يامان مەئسىيەتلەردىن يىراق بولۇش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ ئەڭ يامان ئايالىرىڭلار ئۆزىنىڭ زىننەتلىرىنى يات كىشىلەرگا ئاشكارا قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلار مۇناپىقتۇ ئوخشاشتۇر، ئۇلار جەننەتكە ئالا قاغىغا ئوخشاش كىرىدۇ (ئالا قاغىنىڭ نادىر بولغىنىدەك ئۆزىنىڭ زىننەت ئورۇنلىرىنى ياتلارغا ئاشكارىلاپ يۈرگۈچى ئاياللارنىڭمۇ جەننەتكە ئاز كىرىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنغان)».

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3330** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئۆرۈغ تۇغقانچىلىقنى ئۈزگۈچى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **7671** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا گەپ توشۇغۇچى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **7673** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قوشنىسى ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ئەمىن بولالمايدىغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **7685** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مىننەت قىلغۇچى، ئاتا ئانىسىنى قاقشاتقۇچى، ھاراقنى داۋام ئىشكۈچى كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 7676 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەن مېنىڭ ئۇممىتىمدىن قىيامەت كۈنىسىدە ئاق تىھامە تېغىغا ئوخشاش كۆپ ياخشىلىقلار بىلەن كېلىپ ھەممىسى چاڭ توزاڭدەك يوق بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەرنى بىلىمەن، ئۇلارغا كەلسەك ئۇلار سىلەرنىڭ تۇغقانلىرىڭلار ۋە يېقىنلىرىڭلار سىلەر كېچىلىرى ئالغاندەك ئالىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرى يالغۇز قالغاندا اللە ھارام قىلغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 5028 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

تۆۋەندىكى ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەن

1 ـ ئادەم ئۆلتۈرۈش.

2 ـ ئوغرىلىق

www.munber.org

3 ـ پاھىشەۋازلىق

4 ـ سۇخەنچىلىك

5 ـ يالغانچىلىق

6 ـ ئامانەتكە خىيانەت قىلىش

7 ـ تارازا ـ مىزاندا يەڭگىل تارتىپ بېرىش

8 ـ خىيانەتچىلىك

9 ـ كىيىم كېچەكنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇزۇن كىيىش (ئەرلەرگە خاس)

10 ـ جاسۇسلۇق قىلىش

11 ـ زىننەت ئورۇنلىرىنى ئاشكارىلاپ يۈرۈش (ئاياللارگە خاس)

12 ـ بوھتان توقۇش

13 ـ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى تاشلىۋېتىش

14 ـ چاچ سىيلىش

15 ـ مەك ئۆيدۈرۈش

16 ـ جازانە يېيىش

17 ـ يۈزنىڭ تۈكلىرىنى يولۇش

18 ـ ئاتا ئانىنى قاخشىتىش

19 ـ بىلىمنى يوشۇرۇش

www.munber.org

20 ـ ئۇرۇغ تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش

21 ـ هاراق ئىچىش

22 ـ تاماكۇ چېكىش

23 ـ سېھىر قىلىش

ۋە ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ گۇنا ھېسابلىنىدىغان ئىشلار

## 2 ـ قىلغان ياخشى ئىشلىرىدىن پەخىرلىنىپ يۈرۈش

شەيتان ئىنساننى ئازدۇرۇپ ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى كۆزگە بەك چوڭ كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ تەسىرىدە ئىنسان گۇناھلارنى ئاددىي ساناپ ئۇنىڭدىن يىراق بولمايدۇ، ئىنسان جەننەتكە ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرى بىلەن كىرىمەن دەپ ئويلايدۇ شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئاساسلىرىدىن يىراقلىشىپ قالىدۇ چۈنكى:

ـ الله تالائا بىز ئىنسانلارنىڭ ئەمەلگە ۋە ئىبادەتلىرىگە موھتاج ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ئىبادىتى ياكى قىلغان يامان ئىشلىرى الله قا پايدا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله دىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسى قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى ئادەم ئەۋلادى سىلەر ماڭا زىيان يەتكۈزگۈدەك دەرىجىدە بولۇپ ماڭا زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، ياكى ماڭا بىرە مەنپەئەت ياتكۈزگۈدەك مەرتىۋىدە بولۇپ ماڭا بىرە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيسىلەر، سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ۋەكېيىنكىلەر ۋە ئىنسان ـ جىنلىرىڭلار ھەممىسى بىر تەقۋا

www.munber.org

كىشىنىڭ قەلبىدە بولۇپ كەتسىمۇ مېنىڭ مۈلكىمدىن بىرنەرسە زىيادا بولۇپ كەتمەيدۇ، ئى بەندىلىرىم! سىلەرنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئادەم جىنلىرىڭلار ئەڭ پاسىق ئادەمنىڭ قەلبىدە بولۇپ كەتسىمۇ مېنىڭ مۈلكىمدىن بىرنەرسە كەملەپ كەتمەيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **4345** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

ـ ئىنسانىنىڭ ئەمەللىرى قورقۇنچلۇق قىيامەت كۈنى بارابىرىگە ھېچنەرسىگە بارەۋەر بولالمايدۇ، چۈنكى قىيامەت كۈنىسى دوزاخنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا الله تائالاغا يېقىن پەيغەمبەر بولۇپ كەتسۇن ياكى پەرىشتە بولۇپ كەتسۇن ھەممىسى قوقنچىدىن نەپسى، نەپسى، نەپسى دەپلا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرنىڭ ئالدىدا سىزنىڭ قەنچىلىك ئەمەلىڭىز بولسۇن!

ـ الله تائالانىڭ مۆئمىنلەر ئۈچۈن جەننەتتە تەييارلىغان نېمەتلىرى ھەسسىسى ھېسابسىز بولۇپ سىزنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭىز الله نىڭ نېمەتلىرى ئالدىدا قانچىلىك دەيسىز!

ـ جەننەتكە ئەمەل بىلەنلا كىرگىلى بولمايدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«خالايىقلار ئۆزىنىڭ ئەمەللىرى بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىڭلار، مەنمۇ ھەم شۇنداق، پەقەت الله تائالا رەھمەت ۋە پەزلى بىلەن مېنى يوگۇۋالدى».

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس.

سەھىھۇل جامىئتىكى **4297** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**3** ـ باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشمۇ ئىنسان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مۇپلىس دېگەن كىم بىلەمسىلەر؟ مۇپلىس دېگەن مېنىڭ ئۇممىتىمدىن ناماز، روزا، زاكاتلار بىلەن قىيامەت كۈنىسى (ھېساب مەيدانىغا) كېلىدىغان كىشى بولۇپ، بۇنى تىللىغان، ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغان، ئۇنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بۇنىڭ قېنىنى توككەن، بۇنى ئۇرغان، (شۇ قىلغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا) ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەردە ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقلىرى ئۇلارنىڭ ھەقلىرى تۈگەشتىن بۇرۇن تۈگەپ قالسا ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىدىن ئېلىنىپ ئۇ كىشىگە يۈكلىنىپ قويىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن دوزاخقا تاشلىنىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **87** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**4** ـ داۋاملىشىپ تۇرىدىغان يامان ئىشلار قىلىشمۇ ئىنسان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ياخشى ئىشلاردىنمۇ ئۆلگەندىن كېيىن داۋاملىشىپ تۇرىدىغىنى بولغىنىدەك يامان ئىشلارنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ يامانلىقنى كىشىلەرگە ئۆگەتكۈچى ياكى كىشىلەرگە

www.munber.org

تاقـــاتقۇچى كىشىگـــىمۇ بـــۇ دۇنيـــادىن كەتكـــەندىن كېيـــن ئۆلارنــڭ قىلغــان يامــان ئىشــلىرىنىڭ بىــر كىشــلىك يامــانلىقى شــۇ ئىشــنى پــەيدا قىلغۇچــى يــاكى ئۆگــەتكۈچى كىشىلەرگــە بېرىپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكـــى ئىســـلام دىـــنىدا بىـــر يامـــانلىقنى ئوتتۇرىغـــا قويىدىكــەن ئــۇ كىشــى ئۆچــۈن ئــۇ يامــانلىقنىڭ گــۇناھى ۋە ئــۇ كىشــىدىن كېيــن ئــۇ يامــانلىقنى قىلغــان كىشــىلەرنىڭ گۇناسـى كەملـــەپ قالماســـتىن ئۆكىشـــكىمۇ بىـــر كىشـــلىك بولـــۇپ تۇرىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6305** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**5** ـ يامـــان ئـــەخلاقمۇ ياخشـــى ئەمـــەللىرنىڭ يوقىلىشـــىغا سەۋەب بولىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن

ھەســەلنى ســىركە بوزىۋاتقــاندەك يامــان ئــەخلاق ئەمەللــەرنى بۇزىۋاتىدۇر.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **176** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

﴿پەرۋەردىگـــارىمىز! بىزگـــە ۋە بىـــزنىڭ ئىلگـــىرى ئىمـــان ئېيتقــان قېرىنداشــلىرىمىزغا مەغپىــرەت قىلغىــن، دىللىرىمىـــزدا مۆئمىنلەرگـــە قارشـــى دۈشـــمەنلىك پـــەيدا قىلمىغـــىن،

www.munber.org

پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن﴾. [سۈرە ھەشر 10 ـ ئايەت].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن (ئۇلارنىڭ بىزگە مۇسەللەت بولۇپ بىزنى كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاب بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن)، پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن غالىپسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن﴾ [سۈرە مۇمتەھىنە 4 ـ 5 ئايەتلەر]

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾ [سۈرە بەقەرە 201 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى]

www.munber.org

## دۇئا ۋە ئۈنلۈك پەزىلىتى توغرىسىدا

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىشـــغا كـــۈن چۈشـــكەن ئـــادەم دۇئـــا قىلسـا (ئۈنـــلۈك دۇئاســـىنى) ئىجابـــەت قىلدىغـــان، ئۈنـــلۈك بىشـــىغا كەلگـــەن ئىغـــرچىلىقنى كۆتۈرىۋاتىدىغـــان كىـــم؟﴾ [نەملـــە سۈرىســـى 62 - ئايەت بىر قىسمى].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿مىنىـــڭ بـــەندىلىرىم ســـەندىن مـــەن توغـــرۇلۇق سۈرىســا (ئۇلارغا ئېيتقىــنكى)، مــەن ھەقىقــەت ئۇلارغا يېقىنمــەن (يــەنى ئۇلارنىــڭ ئــەھۋالىنى، ســۆزلىرىنى بىلىــپ تۇرمــەن)، ماڭــا دۇئــا قىلسا، مــەن دۇئــا قىلغۇچىنىــڭ دۇئاســىنى ئىجابــەت قىلمــەن﴾ [سۈرە بەقەرە 186 - ئايەت بىرقىسمى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله تائـــالا تىـــرىكتۇر، ھـــەم ســـخىدۇر. ئۆزگـــە ئىككـــى قولـــىنى كۆتۈرگـــەن كىشـــىنىڭ قولـــىنى نـــا ئۈمىـــد بىكـــار قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى سەھىھ ھەدىس

ســـەھىھۇل جـــامىئتىكى 1757 - نومۇرلـــۇق ھەدىســـكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

«ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دۇئادۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **1122** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«دۇئا بولسا ئىبادەتتۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3407** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالاغا ئەڭ ئېسىل كۆرۈلىدىغان ئىش دۇئادۇر»

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **5392** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ

دۇئا قىلىشنىڭ ئەدەبلىرى

**1** ـ ئىخلاس قىلىش

**2** ـ دۇئا قىلغاندا ئىككى قولنى كۆتۈرۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا تىرىكتۇر، ھەم سىخىدۇر. ئۇزگە ئىككى قولنى كۆتۈرگەن كىشىنىڭ قولنى نائۇمىد بىكار قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى سەھىھ ھەدىس

www.munber.org

سەھەۋل جامىئتىكى 1757 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

3 ـ دۇئانى ھەمدۇسانا ۋە دۇرۇت بىلەن باشلاش ھەم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (اللّٰه ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر قېتىم مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ناماز ئوقۇغانتىم ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر (اللّٰه ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدى. (ناماز دىن) بىكار بولغاندا اللّٰه قا سانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ ئۆزۈم ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا باشلىدىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھاجىتىڭنى) سوْر بېرىلىسەن، (ھاجىتىڭنى) سوْر بېرىلىسەن دېدى.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

تىرمىزىنىڭ ئىككىنچى قىسمى 488 ـ نومۇرلۇق ھەدىسگە قاراڭ.

4 ـ قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلىش

ئۇبباد ئىبنى تەمىم ئۆزىنىڭ تاغىسىدىن (اللّٰه ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلىدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامغۇر تەلەپ قىلىپ چىققاندا (ئۇ زاتنىڭ) كىشىلەرگە كەينىنى قىلىپ قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلغانلىقىنى كۆردۈم دېدى.

بۇ ھەدىسنى بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

**5** ـ دۇئا قىلغاندا جەزمىيەت قىلىپ ئۇنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا ئىشەنچە قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ بىرىڭلار دۇئا قىلغاندا ئى اﷲ! خالىساڭ كەچۈرۈم قىل دېمىسۇن سورىغان نەرسىسىدە جەزمىيەت قىلسۇن ۋە قىزىقىشىنى كاتتا قىلسۇن، اﷲ تائالا بەرگەن نەرسىسىنى كاتتا دەپ قارىمايدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **530** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**6** ـ دۇئا قىلغاندا ئىجابەت بولۇشىغا ئالدىرىماسلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن؛

«ئىنساننىڭ دۇئاسى گۇناھىغا ياكى تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈشكە چۈشۈپ قالمىسا ھەم ئالدىرىمىسىلا ئىجابەت قىلىنىدۇ، (ئىنسان) دۇئا قىلدىم دۇئا قىلدىم، دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى دەپ ھەسرەتلىنىپ دۇئا قىلىشنى تاشلىۋاتىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **7705** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**7** ـ اﷲ قا يالۋۇرۇش خارلىق ئىزھار قىلىش

**8** ـ ئازادە كۆڭلەردىمۇ دۇئاقىلىشنى ئۇنۇتماسلىق

www.munber.org

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللە تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى خاپىلىقتا مۇشەققەتكە چۈشۈپ قالغانلاردا ئىجابەت قىلىشنى ياخشى كۆرسە خاپىلىق يوق كۈنلەردىمۇ دۇئانى كۆپ قىلسۇن».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **6290** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**9** ـ پەقەت اللە تائالادىن سوراش

**10** ـ بالا ـ چاقىلىرى مال مۈلكىنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماسلىق

**11** ـ قىلغان جىنايەتلىرنى ئېتىراپ قىلىش ھەمدە اللە نىڭ بەرگەن نېمەتلىرنىمۇ ھەم ئېتىراپ قىلىش.

**12** ـ ئامال بولسا دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن تاھارەت ئېلىش

**13** ـ اللە قا اللە نىڭ گۈزەل ئىسىملىرنى ۋەسىلە قىلىش

**14** ـ يەپ ـ ئىچىش كىيىم كېچەك ھالالدىن بولاش

**15** ـ قىلغان جىنايەتلەرگە تەۋب قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ ھەقلىرنى قايتۇرۇپ بېرىش

**16** ـ ئۇرۇق توغقانلار بىلەن ئۇرۇغ تۇغقانلىقنى ئۈزۈشكە ياكى بىرە يامان ئىشنى قىلىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشكە دۇئا قىلماسلىق

www.munber.org

17 ـ قەلبىنى ھازىر قىلىپ تۇرۇپ الله تائالا دۇئايىمنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدىغۇ دېگەن ئىشەنچە بىلەن دۇئا قىلىش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله قا الله نىڭ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا جەزمىيەت قىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىڭلار، الله تائالانىڭ ئۆيانچى غاپىل قەلبىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدىغانلىقىنى بىلۋېلىڭلار!»

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

تىرمىزىنىڭ بەشىنچى قىسمى 517 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

www.munber.org

## دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار

1 ـ قەدىر كېچىسى

2 ـ كېچىدە قىلغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ھەر كېچىسىدە دۇنيا ئاسمىنىغا كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغاندا چۈشۈپ كىمكى ماڭا دۇئا قىلىدىكەن دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، كىمكى مەندىن بىرنەرسە تەلەپ قىلىدىغان سورىغان نەرسىسىنى بېرىمەن،

كىمكى مەندىن كەچۈرۈم تەلەپ قىلدىكەن كەچۈرۈم قىلمەن دەيدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **8168** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**3** ـ پەرز نامازنىڭ كەينىدە قىلىنغان دۇئا

**4** ـ ئەزان چىققاندا قىلىنغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن؛

«نامازغا ئەزان توۋلانغان ۋاقىتتا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ دۇئالار ئىجابەت قىلىنىدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **818** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ

**5** ـ ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلىنغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەزان بىلەن تەكبىر ئوتتۇرىسىدىكى دۇئا قايتۇرۇلمايدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3408** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**6** ـ خاپىلىقتا ۋە ئۇرۇش مەيدانىدا قىلىنغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

«ئىككــى دۇئــا قايتۇرۇلمــايدۇ، ئــەزان چىققــاندىكى دۇئــا بىرسى ـ بىرسى بىلەن ئېلىشقاندىكى دۇئا».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســـەھىھۇل جـــامىئتىكى 3079 ـ نومۇرلـــۇق ھەدىســـكە قاراڭ.

7 ـ سەجدىدە قىلىنغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن؛

«ســەجدىدە دۇئاغــا تىرىشــچانلىق قىلــىڭلار ســەجدىدىكى دۇئا ئىجابەت بولۇشىغا يېقىندۇر».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

ســـەھىھۇل جـــامىئتىكى 2746 ـ نومۇرلـــۇق ھەدىســـكە قاراڭ.

8 ـ مۇســۇلمان قېرىنداشــى ئۈچــۈن ئــۇ يــوق يەرلــەردە دۇئــا قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قېرىنداشــنىڭ قېرىنداشــى يــوق يــەردە قىلغــان دۇئاســى قايتۇرۇلمايدۇ».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ

سەھىھۇل جامىئتىكى 3379 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

9 ـ زۇلۇمغا ئۇچۇرغۇچىنىڭ دۇئاسى

www.munber.org

**10** ـ روزىدارنىڭ دۇئاسى

**11** ـ مۇساپىرنىڭ دۇئاسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن؛

«ئۈچ خىل دۇئا ئىجابەت قىلىنغۇچىدۇر، روزىدارنىڭ دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچىرىغۇچىنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى.

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3030** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**12** ـ ئاتا ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ خىل دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىدا شەك يوقتۇر، ئاتا ئانىنىڭ بالىسىغا قىلغان دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچۇرغۇچىنىڭ دۇئاسى».

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى **3031** ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

**13** ـ ياخشى پەرزەنتنىڭ دۇئاسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچ خىل ئىشتىن باشقا ئەمەللىرى توختايدۇ، سەدىقە جارىيە، مەنپەئەتلىك ئىلىم ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان ياخشى پەرزەنت».

www.munber.org

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: سەھىھ ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 793 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

14 ـ لائىلاھە ئىللا ئەنتە سۇبھانەكە ئىننى كۇنتۇ مىنەززالىمىن دېگەن سۆزنى قوشۇپ دۇئا قىلىش.

15 ـ يامغۇر ياغقاندا دۇئا قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىككى خىل دۇئا قايتۇرۇلمايدۇ، ئەزان چىققاندىكى دۇئا، ۋە يامغۇر ئاستىدا قىلىنغان دۇئا»

ھەدىسنىڭ دەرىجىسى: ھەسەن ھەدىس

سەھىھۇل جامىئتىكى 3078 ـ نومۇرلۇق ھەدىسكە قاراڭ.

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾ [سۈرە بەقەرە 201 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

www.munber.org

# كۈندىلىك ھەپتىلىك ئايلىق يىللىق ئەمەللەر جەدۋىلى

| كۈندىلىك | ھەپتىلىك | ئايلىق | يىللىق |
|---|---|---|---|
| كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا تۇرۇپ ناماز ئوقۇش | جۈمە كۈنىسى سۈرە كەھپىنى بىر قېتىم ئوقۇش | ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش | مۇھەررەم ئېيىنىڭ 9 ـ 10 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇش |
| كۈندە بىرە پارە بولسىمۇ قۇرئان ئوقۇش | جۈمە نامىزىغا بۇرۇن بېرىش | يىراق تۇغقانلارنى يوقلاش | رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئۇخلىماي ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش |
| بەش ۋاقىت نامازنى ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن ئادا قىلىش | مەسجىدتە قىلىنىغان تەبلىغقا قاتنىشىش | بالا ـ چاقىلىرىمىز نىڭ ئىشلىرىدىن خۇلاسە چىقىرىش ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت ئولتۇرۇش | شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇش |
| سەھەردە ئوقۇيدىغان دۇئالارنى ئوقۇپ چىقىش | يېقىن تۇغقانلارنى يوقلاش | | كۈچى يەتسە ئۆمرە ـ ھەج قىلىش |
| زۇھا نامىزى ئوقۇش | دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇش | | ئەرەفات كۈنىسىدە روزا تۇتۇش |
| بارلىق چوڭ ـ كىچىك سۈننەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىش | ئىسلام دىنىنى ئۆز ئارا چۈشىنىش ئۈچۈن ئائىلىدە بىرەر كىتابتىن بىر نەچچە بەتنى مۇزاكىرە قىلىشىش | | ئىككى ھېيت نامىزىنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىش |
| ئاتا ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش | باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش | | زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىسىدە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلۋېلىش |
| ھەر ناماز دىن كېيىن | بىرتال تەبلىغ | | |

www.munber.org

| | | | |
|---|---|---|---|
| تەسبىھ ئېيتىش | لىنتىسى ئاڭلاش | | |
| ئۆي ئەھلىگە ياردەملىشىش | | | |
| كۈندە بىر تېيىن بولسىمۇ سەدىقە قىلىش | | | |
| قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش | | | |
| پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتنى كۆپ ئوقۇش | | | |
| مۇئەززىن نىمە دېسە شۇنى دېيىش | | | |
| كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى رەۋا قىلىشپ بېرىش | | | |
| قىلغان بارلىق ئىشلىرىمىز ئۈچۈن الله دىن ئەجرى ئۈمىد قىلىش | | | |

www.munber.org

# پايدىغانلار كىتابلار

1 ـ قۇرئان كەرىم
2 ـ سەھىھۇل بۇخارى
3 ـ سەھىھۇل مۇسلىم
4 ـ نەسەئى
5 ـ سەھىھ ئەل جامىئ ئەسسەغىر لىلئەلبانى
6 ـ مەۋسۇئە ئەلكۇۋەيتىيە
7 ـ مەۋسۇئە ئەلھەدىس ئەششەرىپ
8 ـ سىلسىلە ئەل ئاھادىس ئەسسەھى
9 ـ سەھىھ ئەتتەرغىب ۋەتتەرھىب
10 ـ لىسان ئەلئەرەب
11 ـ قامۇس ئەلمۇھىيت

www.munber.org